


# شىنجاڭ مەدەنىيىتى

XINJIANG CIVILIZATION

2

1992



ئانا ئابلىز خوجامنىياز فوتوسى

# شىنجاڭ مەدەنىيىتى

قوش ئايلىق ئۇنىۋېرسال ئەدەبىي ژۇرنال

41 - يىل نەشرى — 1992 - يىل 2 - سان (ئومۇمىي 195 - سان)


## بوستاندا

### مەدەنىيەت ئىستراتېگىيىسى


ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ مەدەنىيەت خىزمىتىنىڭ مۇھىم نۇقتىسىنى دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق رايونلىرىغا يۆتكەش قارار قىلىندى ........تاڭ كەندۇڭ، جىن تاۋ 2


### مۇھاكىمە


كەلگۈسى بۇ يەردىن باشلىنىدۇ..........................ئابدۇشۈكۈر مۇھەممەتئىمىن 3


### ئەدەبىيات گۈلزارى


قار كۆپ ياغقان قىش..................(پوۋېست)..................خالىدە ئىسرائىل 14


### سەھنە ئەسەرلىرى


بىر جۈپ پەرىشتە..............(تارىخىي ئوپېرا)..............مۇھەممەتئېلى زۇنۇن 53


### ئەخلاق - ئادەم زىننىتى


دانىشمەنلەر ئەدەب - ئەخلاق توغرىسىدا ...............تەييارلىغۇچى: م. پالتاجى 80


مۇقاۋىدا: يېزا مەدەنىيەت مەركىزىدە (ماي بېرىياق) ئابدۇشۈكۈر كېرىم سىزغان. رەسسام ۋە خەتتات: ئابلىمىت ئابلىز (تەكلىپ قىلىنغان). گۈزەل سەنئەت تەھرىرى: رىسالەت مۇھەممەت


باش مۇھەررىر: مۇھەممەت زۇنۇن

مۇئاۋىن باش مۇھەررىر: قۇربان مامۇت (بۇ ساننىڭ ئىجرائىيە مەسئۇل مۇھەررىرى ۋە تېخرېداكتورى)

مەسئۇل مۇھەررىر: ساتتار توختى (تەھرىر بۆلۈم مۇدىرى)

# ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ مەدەنىيەت خىزمىتىنىڭ مۇھىم نۇقتىسىنى دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق رايونلىرىغا يۆتكەش قارار قىلىندى

1- ئاينىڭ 9- كۈنى چۈشتىن كېيىن يېپىلغان ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ مەدەنىيەت ئىدارىلىرى، باشقارما باشلىقلىرى يىغىنىدا بۇنىڭدىن كېيىن ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ مەدەنىيەت خىزمىتىنىڭ مۇھىم نۇقتىسىنى دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق رايونلىرىغا يۆتكەش قارار قىلىندى.

بۇ قېتىمقى يىغىن بەش كۈن داۋام قىلدى، جانابىل، قېيۇم باۋۇدۇن، ئىبراھىم روزى، فېڭ داجېن قاتارلىق ئاپتونوم رايوننىڭ پارتىيە، ھۆكۈمەت رەھبەرلىرى ھەمدە ئاپتونوم رايونلۇق مەدەنىيەت نازارىتىنىڭ رەھبەرلىرى يىغىنغا قاتناشتى.

يىغىن يېپىلىش ئالدىدا، ئاپتونوم رايوننىڭ مۇئاۋىن رەئىسى قېيۇم باۋۇدۇن سۆز قىلدى. ئۇ مۇنداق دەپ كۆرسەتتى: ھازىر ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ مەدەنىيەت خىزمىتىنىڭ مەركىزىي ۋەزىپىسىنى سوتسىيالىستىك مەنىۋى مەدەنىيەت قۇرۇلۇشى بىلەن مەدەنىيەت بازىلىرى قۇرۇلۇشىغا قارىتىش لازىم. جايلاردىكى مەدەنىيەت تارماقلىرى ئاپتونوم رايونىمىزدا قانات يايدۇرۇلۇۋاتقان يېزا سوتسىيالىستىك ئىدىيىۋى تەربىيە خىزمىتىگە ماسلىشىپ تۇرۇپ، يېزىلاردىكى سوتسىيالىستىك مەدەنىيەت بازىلىرىنى ياخشى قۇرۇپ، 8- بەش يىللىق پىلان مەزگىلىدە «ھەممە ناھىيىلەردە مەدەنىيەت يۇرتى، كۇتۇپخانا، كىنوخانا بولۇش، ھەممە يېزىدا مەدەنىيەت پونكىتى بولۇش، ھەممە كەنتلەردە مەدەنىيەت ئۆيى بولۇش» نىشانىغا يېتىش لازىم.

ئاپتونوم رايونلۇق پارتكومنىڭ مۇئاۋىن شۇجىسى جانابىل يىغىننىڭ يېپىلىش مۇراسىمىدا مۇھىم سۆز قىلدى. ئۇ ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ مەدەنىيەت خىزمىتىدە قولغا كەلتۈرۈلگەن نەتىجىلەرگە باھا بەرگەندە مۇنداق دېدى: ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ مەدەنىيەت خىزمىتىنىڭ ئومۇمىي ئالاھىدىلىكى شۇكى، سوتسىيالىستىك مەدەنىيەت، سەنئەتنىڭ ئاساسىي رېتىمى گەۋدىلەندۈرۈلدى، يۆنىلىشى، يولى توغرا بولدى. ئۇ يەنە ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ مەدەنىيەت خىزمىتىدە ساقلانغان بىر مۇنچە يېتەرسىزلىكلەرنى كۆرسىتىپ ئۆتتى. ئۇ تەكىتلەپ مۇنداق دېدى: يېزىلارنىڭ مەدەنىيەت خىزمىتى ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ مەدەنىيەت قۇرۇلۇشىدىكى ئاجىز ھالقا. بەزى جايلاردا فېئوداللىزمنىڭ قالدۇقلىرى ۋە بۇرژۇئازىيىنىڭ چىرىك ئىدىيىسى باش كۆتۈردى. ئۆتكەندە تازىلىۋېتىلگەن كونا قائىدە ۋە نامۇۋاپىق ئادەتلەر، فېئوداللىق، خۇراپاتلىق، زەھەرلىك چېكىملىكلەرنى چېكىش، سېتىش، قىمارۋازلىق، ئىپپەت - نومۇسنى سېتىش يەنە باش كۆتۈردى. شۇڭا، سوتسىيالىستىك مەدەنىيەت ئارقىلىق يېزا مەدەنىيەت بازىلىرىنى ئىگىلەش باشتىن - ئاخىر ھەر مىللەت مەدەنىيەت خىزمەتچىلىرىنىڭ ئالدىغا قويۇلغان جاپالىق ھەم جىددىي مۇھىم ۋەزىپە بولۇپ كەلدى. ئۇ ھەر مىللەت مەدەنىيەت خادىملىرىدىن چوقۇم تونۇشىنى بىرلىككە كەلتۈرۈپ، ئىدىيىنى توغرىلاپ، خىزمەتنىڭ مۇھىم نۇقتىسىنى دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق رايونلىرىغا قارىتىپ، ھەر مىللەت دېھقان، چارۋىچىلارغا مول مەنىۋى ئوزۇق يارىتىپ بېرىشىنى تەلەپ قىلدى.

جانابىل ھەر مىللەت مەدەنىيەت، سەنئەت خادىملىرىنى نەتىجە يارىتىپ، ساغلام، پائال يۇقىرىغا ئۆرلەيدىغان، دەۋرىمىزنىڭ ئاساسىي رېتىمىغا ۋەكىللىك قىلىدىغان مەدەنىيەت، سەنئەت مەھسۇلاتلىرىنى يارىتىپ، خەلقنىڭ مەدەنىيەت تۇرمۇش ئېھتىياجىنى قاندۇرۇشقا چاقىردى.

تاڭ كەندۇك، جىن تاۋ

(1992 - يىل 1- سان، ئومۇمىي 10- سان)



# كەلگۈسى بۇ يەردىن باشلىنىدۇ


ئابدۇشۈكۈر مۇھەممەتئىمىن

«سەن ئۆزۈڭنى تونۇ!»

— گرېك ئىبادەتخانىسىدىكى لەۋھە

«ئەگەر ياۋروپا ئىدىيىلىرى باقتىرىيا ئارقىلىق يىراق شەرققە تارقالغان، دەيدىكەنمىز، ئوخشاشلا، ئاسىيا چۈشەنچىلىرىمۇ دەل مۇشۇ قانال ئارقىلىق ياۋروپاغا تارقالغان.»

— دراپېر




**1**

مەن شىنجاڭلىق. شىنجاڭنىڭ گۈللەنگەن ئۆتمۈشىدىن ئىپتىخار، چۈشكۈنلەشكەن تارىخىدىن بىئاراملىق ھېس قىلىمەن.

مەن شىنجاڭلىق ئۇيغۇر. شىنجاڭنىڭ تېخىمۇ روناق تاپقان كەلگۈسىنى خالايمەن، ئۇنىڭغا تەلپۈنىمەن.

مەن مۇشۇ ئىلھاملاندۇرۇش بىلەن آتىل - ھاقارەت بىللە نەرە كۆتۈرگەن، ئۆتمۈشكە ئايلىنىۋاتقان شەيئىلەر بىلەن رېئاللىققا كىرىپ كېلىۋاتقان تارىخىي شەيئىلەر گىرەلىشىپ كەتكەن زاماندا ياشاۋاتقانلىقىم



ئۈچۈن ئۆزۈمنى ئۇلۇغ بۇرۇلۇش دەۋرىنىڭ ئادىمى ھېسابلاپ، كەلگۈسى ئۈچۈن كۆپرەك جەبرۇ-مۇشەققەت بەدىلىنى تۆلەشنى دەۋر ئىپتىخارى دەپ چۈشىنىمەن.

مېنىڭچە، كەلگۈسى-يېڭى، شەرق رېنېسسانسى (مەدەنىيەت گۈللىنىشى)نى نامايەندە قىلغان كەلگۈسى بولۇپ، ئۇ دەل بۇ يەردىن باشلىنىدۇ! مېنىڭ بۇ ئىپتىخار ۋە ئۈمىدۋارلىق بىلەن تولغان سۆزۈمدىن ئەجەبلەنمەڭ! ئۇنىڭ تەپسىلاتىغا نەزەر سېلىڭ!

2.

مەلۇمكى، ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرى تەرەققىياتىنىڭ ھەر بىر دەۋر بۆلگۈچ نامايەندىسى، ئىجتىمائىي ئىسلاھاتنىڭ ھەر بىر ئالەمشۇمۇل ئىلگىرىلىشى — ئىنسانىيەتكە يېڭى تارىخىي خاراكتېر ئالغان ئىلھام، ئۆز-ئۆزىگە بولغان يېڭىچە تونۇش، يېڭىچە ئاڭ-پىكىر ئىسلاھاتى ئېلىپ كېلىدۇ. بۇ، ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرى، ئىشلەپچىقىرىش مۇناسىۋىتى، ئىنسانىيەت تەپەككۇرىدىن ئىبارەت ئۈچ جەھەتنى بىر گەۋدە قىلغان تارىخ تەرەققىياتىنىڭ تۈپلىك قانۇنىيىتىدىن ئىبارەت بولۇپ، ھېچ كىشىنىڭ ئىرادىسى ئەمەس.

ئىنسانىيەت تەبىئەت قانۇنىيەتلىرىنى بايقاپ بىلىشى، جەمئىيەت قانۇنىيەتلىرىنى بايقاپ بىلىشى بىلەن بىللە يەنە ئۆزىنى، ئۆزىنىڭ پوتېنسىئال(ئېچىلمىغان)قاتلاملىرىنى قايتىدىن بايقاپ بىلىدۇ، ئۆزى بىلەن تەبىئەتنىڭ، جەمئىيەت (ھەتتا كىشىلەرنىڭ ھەر قايسى قىسىملىرى) نىڭ گارمونىك، ئاقىلانە مۇناسىۋىتىنى قايتىدىن تەرتىپكە سالىدۇ. مۇشۇ ئاساستا تەرەققىياتنى ئەگىلەپ كەلگۈسىگە يۈزلىنىدۇ. ئىنسانىيەتنىڭ ئۆز - ئۆزىنى تەرتىپكە سېلىشى (سىۋىلىزاتسىيە ئىنقىلابى) گەرچە ئىنسانىيەتنىڭ تەبىئەتنى تىزگىنلىشىدىن-مەدەنىيەت ئوتۇقلىرىدىن كېيىن قالسىمۇ، ئۇ بەرىبىر ئۆزىنىڭ روياپقا چىقىش مۇقەررەرلىكلىرىنى ئورۇندىماي قويمايدۇ. ئىنسانىيەت جەمئىيەتتى يەنە ئىنسانلاشقان جەمئىيەت سۈپىتىدە ئىلگىرىلەيدۇ. مانا مۇشۇنداق تەكرار ئېلىپ بېرىلىدىغان، بىرمۇنچە «قايتىدىن» ئېلىپ بېرىلىدىغان بايقاپ بىلىش ۋە قايتىدىن ئېلىپ بېرىلىدىغان ئەمەلىيەت پائالىيەتلىرى ئارقىلىق تارىخ گېگېلنىڭ «ئەقىلغە مۇۋاپىق بولغانلىكى نەرسىلەر مەۋجۇت بولۇپ تۇرالايدۇ، مەۋجۇت بولالىغانلىكى نەرسىلەر ئەقىلغە مۇۋاپىق بولىدۇ» دېگەن مەشھۇر ئەقلىيە سۆزىگە يېڭىچە كونكرېت مەزمۇن بېغىشلايدۇ. تارىخ ئۆز ئىراسىنىڭ قانۇنىيىتىگە يارىشا بەزى نەرسىلەرنى دەپىن قىلىدۇ ۋە بەزى نەرسىلەرنى تەۋەللۇت قىلىدۇ. مانا بۇ تارىخنىڭ «كىمىيا» ھېكمىتىدىن ئىبارەت.

تارىخىي ۋەقەلىكلەر دەل مۇشۇ تارىخىي تەرەققىيات مۇقەررەرلىكلىرىدىن ئىبارەت ماھىيەتلىكنىڭ ھادىسىلىرى ۋە ھېكايەتلىرىدىن باشقا نەرسە ئەمەس. ئىنسانىيەتنىڭ بىرىنچى ۋە قەدىمكى مەدەنىيەت ئىراسى ئېلىمىز جۇڭگونىڭ، ئەڭ كونا مىسىرنىڭ، ئاسورىيە ۋە بابىلنىڭ، ئىلگىرىكى ھىندىستاننىڭ ئەڭ قەدىمكى ھېكايەتلىرىدىن ئۆزىنىڭ تارىخ سەھىپىلىرىنى بارلىققا كەلتۈرگەن ئىدى. بۇ چاغدىكى مەدەنىيەتلەردە گەرچە ئىپتىدائىي سېنكرېتىك (قوشۇلما) ئامىللار مەيدانغا كەلگەن، ئارىئان، سىكىف-ساك ۋە مىسىرلىقلارنىڭ دەسلەپكى كۆچۈشلىرى يۈز بەرگەن بولسىمۇ، تېخى مەھەللىي مەدەنىيەتتىن ھالقىغان چوڭ تىپتىكى سېنكرېتىك

مەدەنىيەت مەيدانىغا چىققان ئىدى. برونزا ۋە ئاتلىقلار مەدەنىيىتىدىن كېيىن، ئېنىقراق ئېيتقاندا، قول ئىگىلىكى تىپىك شەھەر - قەلئە مەدەنىيىتى ياراتقاندىن كېيىن، يەرلىك مەدەنىيەت تىپلىرىدىن ھالقىپ كەتكەن ئالەمشۇمۇل مەدەنىيەت تۈركۈملىرى مەيدانغا چىقىدىغان ئىرا شەكىللەندى. ھازىر بىز بۇ دەۋردە كۆپلىگەن مەھەللىي مەدەنىيەتلەردىن ھاسىل قىلىنغان ۋە بىر-بىرىگە تارىخىي ۋارىسلىق قىلغان بەش خىل مەدەنىيەت تىپىنىڭ روياپقا چىققانلىقىنى بىلىمىز. ئۇلار: گرېك-رىم ئانتىك مەدەنىيىتى تىپى، كوشان-كۇسەن بۇددا مەدەنىيىتى تىپى، سۇي-تاڭ مەدەنىيىتى تىپى، ئەرەب مەدەنىيىتى تىپى، ياۋروپا رېنېسسانسىدىن باشلانغان مەدەنىيەت تىپىدىن ئىبارەت.

ئەلۋەتتە، مۇنداق ئالەمشۇمۇل مەدەنىيەت تىپلىرى يەرلىك مەدەنىيەتلەرنى يوققا چىقارغىنى يوق، ئەكسى ھالدا ئۇنىڭدىن ئوزۇقلاندى ۋە ئۇلارغا مۇئەييەن خەلقئارا ئورتاقلىق، تۇتاشمىلىق ۋە سەۋىيە بېغىشلىدى. ئوتتۇرا ئاسىيادا ئېۋرىپىدىسنىڭ تراگېدىيەلىرى ئوينالغانلىقى، خوتەندىن گېراكلنىڭ مىس ھەيكىلىنىڭ تېپىلىشى، گرېكلارنىڭ يىپەك كىيىم كىيىشى ۋە «دۇر» (دۇرۇس) مىلودىيەسىنى چېلىشى ئۇنىڭ بىر كۆزنەكتە كۆرۈنگەن ئىپادىسى ئىدى.

ئەلۋەتتە، مۇنداق ئالەمشۇمۇل مەدەنىيەت تىپلىرى ئۆزىدىن ئىلگىرىكى مەدەنىيەت ئۇتۇقلىرىنى يوققا چىقارغىنى يوق، ئەكسى ھالدا ئۇنىڭدىن ئوزۇقلاندى، ئۇنى يېڭى زامان قاتلىمىغا كۆتۈردى. قەدىمكى مىسىر مەدەنىيىتىنىڭ «مومىيا»سى گەرچە ئەلئېھرام ئاستىغا دەپنە قىلىنغان بولسىمۇ، بۇ مەدەنىيەتنىڭ ئۆلمەس مەنىۋى ئۇتۇقلىرى گرېك-رىم مەدەنىيىتى تىپىگە سىڭىپ كەتتى.

ئۇندىن كېيىن ئىنسانىيەت ياراتقان مەدەنىيەت تىپلىرىمۇ مەيلى قانداق شەكىلگە ئىگە بولمىسۇن، مەزمۇنەن «كېيىنكىسى ئالدىنقىسىغا ۋارىسلىق قىلىش» ئاساسىدا بۈگۈنكى مەدەنىيىتىمىزگە قېتىلىپ كەتتى! بۇ، مەدەنىيەت تارىخىنىڭ بىردەكلىك، ۋارىسلىق، تەرەققىيات قانۇنىيىتىنى گەۋدىلەندۈردى.

ھازىرقى كۈندە تارىخىمىز يېڭى بىر مەدەنىيەت دەۋرى ھارپىسىدا تۇرماقتا! تارىخ ھامىلدار!! ئۇنىڭ كۆپلىگەن ئالامەتلىرى ئۇنىڭ كەلگۈسىدىن بىشارەت بەرمەكتە. بىراق، كۆپلىگەن كىشىلەر ئادەت كۈچى تۈپەيلى كەلگۈسىگە ئۆتمۈشنىڭ كۆزى بىلەن نەزەر سالماقتا. ھېچ ۋەقەسى يوق. ھەممە ئادەم گرېك ئەپسانىلىرىدىكى ئالدىن بىلگۈچى كاسساندىرا ئەمەس! شۇنىسى روشەنكى، ئۇلۇغۋار ئۇتۇقلىرىمىز بىلەن ئۇنىڭغا قارشى قۇتۇپتا تۇرۇۋاتقان دەھشەتلىك ئاپەتلىرىمىز ئىنسانىيەتنىڭ دەۋر بۆلگۈچ خاراكتېرلىك يېڭى مەدەنىيەت تىپىنىڭ مەيدانغا كېلىشىنى تەقەززا قىلماقتا ۋە ئىلگىرى سۈرمەكتە. بۇ مۇقەررەر يېڭىچە شەرق رېنېسسانسىدىن ئىبارەت بولغۇسى!

ئۆز سۆزۈمگە قايتسام، يېڭىچە شەرق رېنېسسانسى ئېلىمىز جۇڭگونىڭ غەربىي زېمىنىنىڭ گۈللىنىشىدىن ئايرىلىشى مۇمكىن ئەمەس. مەلۇم مەنىدە، يېڭى شەرق گۈللىنىشى دەل مۇشۇ زېمىندىن، مۇشۇ «قانال»دىن باشلىنىدۇ!

دوستۇم، بۇ مېنىڭ ھېسسىياتچان تەسەۋۋۇرۇم ئەمەس، بەلكى پوتېنسىئال ھالەتتە تۇرغان تارىخنىڭ مەخپىيىتى! تارىخ بۇ مەخپىيەتلىكنى ئاجايىپ شەرق مەلىكىسىنىڭ دۇنياغا كېلىشى ۋە ئۇنىڭ كىشىنى تەسىرلەندۈرىدىغان ھېكايىلىرى تىزمىسى بىلەن چوقۇم ئاشكارىلىغۇسى!

3

قەدىمكى مىسىرلىقلار ئۈچ قىتئەنىڭ ئاغزىغا ئەلئېھرامدىكى سىفىنكىس ھەيكىلىنى تىكلەپ، ئالەم تېپىشماقلىرىغا سىما قىلغان ئىدى.

قەدىمكى بابىل ۋە سۈرىيە ئالخىمىكلىرى مىستىن ۋە باشقا مېتال قېتىشمىلىرىدىن ئالتۇن ياساپ چىقىشقا شۇنچە ھېرىسلىق قىلىشىپ، ئۇنى روياپقا چىقىرالمىغان ئىدى.

ئەمدىكى ئېلىمىز ۋە ئۇنىڭ غەربىي زېمىنى دەۋرىمىزنىڭ سىفىنكىس تېپىشمىقىنى يېشىشكە ۋە ھازىرقى زامان مەدەنىيىتى سېنكرېتىزمى ئاساسىدا، ئۆزلىرىنىڭ پوتېنسىيال ئىقتىدارى ۋە غايەت زور ئىختىرا ئەمگىكى ئارقىلىق ئاشۇ «ئالتۇن» مەدەنىيەتنى مەيدانغا چىقىرىشقا ئۈلگىلىك ھەسسە قوشۇشى مۇمكىن؛ بۇنىڭ ئاساسىي شەرتى ئۈچ:

ئۇنىڭ بىرىنچىسى، يېڭىچە سېنكرېتىك مەدەنىيەت يارىتىش ئىقتىدارىغا ئىگە ئىنسان گۇرۇھىنىڭ تارىخىي تاۋلىنىش قاتلىمىغا ئىگە بولغان بولۇشى كېرەك.

ئۇنىڭ ئىككىنچىسى، بۇ خىل ئىنسان گۇرۇھى ياراتقان سېنكرېتىك مەدەنىيەت تارىخىي موللۇققا ۋە ئەۋزەللىككە ئىگە بولغان بولۇشى كېرەك.

ئۇنىڭ ئۈچىنچىسى، شەرق بىلەن غەربنىڭ يېڭى تەڭپۇڭلۇقى ۋە يېڭى «يىپەك يولى» ئېچىش ئىمكانىيىتىنىڭ توغرىدىن توغرا تارىخىي كونتېكستىكە قويۇلۇشىدىن ئىبارەت. ئەگەر كېيىنكى شەرت بولمىغان بولسا، ئالدىنقى سۇبيېكت ۋە تارىخىي قاتلام جەھەتتىكى شەرتلەر پەقەت تۇخۇمدىكى سومۇرۇغ ئاقسىلىغا ئوخشاش باھار پەرۋازىدىن تولىمۇ يىراقتا تۇرغان بولاتتى.

دەر ھەقىقەت، جۇڭگونىڭ غەربىي ئېتەكى- غەربىي دىيار دەپ ئاتالغان بۇ قەدىمكى زېمىن كىشىنى تىرەن پىكىر ۋە چوڭقۇر تەسەۋۋۇرغا جەلپ قىلىدىغان ھەم ئېسىل، ھەم تىلسىم ماكان.

ئۇ بىر چاغلاردا ئىنسانىيەتنىڭ شەرق ۋە غەرب قىسمىنى بىر - بىرى بىلەن تۇتاشتۇرىدىغان، ئۇلار ياراتقان سەرخىل مەدەنىيەت ئۈلگىلىرىنى سېنكرېتلاشتۇرۇپ، يېڭى ۋە ئەسلىدىن ئېسىل مەدەنىيەت ئۇرۇقلىرىنى يېتىشتۈرىدىغان «گۈلشەن» ئىدى. ئۇ زامانلاردا چۈيۈەنمۇ، سىماچيەنمۇ، ھېرىدوتۇسمۇ، ئورىئانمۇ غەربىي دىيارىمىز ئالەم تەسەۋۋۇرىگە كىرىشەلمىگەن ئەمەس.

غەربىي دىياردىن ئىبارەت بۇ ئاجايىپ بۆشۈك ۋە ماكان غەربىي دىيارلىقلارنىڭ خاس تارىخىي خاراكتېرىنى تاۋلىدى.

غەربىي دىيارلىقلار دېڭىز- ئوكيانلاردىن 2000_3000 كىلومېتىر يىراقلىقتا جايلاشقان، ئەتراپى مەڭگۈ ئېرىمەس مۇز- قارلىق بەھەيۋەت شاھانە تاغلار- پامىر، كۇئېنلۇن، ئالتاي، تەڭرىتاغلىرى بىلەن قورشالغان، قاپ ئوتتۇرىسىدا يەنە 600 مىڭ كۋادرات كىلومېتىر كەڭلىكتىكى يالقۇنجاق تونۇردەك كۆيدۈرۈپ تۇرىدىغان قۇم دېڭىزىنىڭ ئوت ھارارىتىدا ياشاپ، غەربىي دىيارلىقلارغا خاس قۇيۇچ ئىرادە، تەسەۋۋۇرچان قەلب ۋە ھېسسىياتچان ئىنسانىي تۇيغۇ چېنىقتۇرۇپ كەلگەن.

ئۇلار، ئەڭ دەسلەپ ئات ئۈستىدە مىنگىشىپ، ياۋروپا-ئاسىيا دالالىرىنى قېدىرىپ، برونزا دەۋرى «رىتسارلىرى» سىياقىدا مەشھۇر «ئاتلىقلار مەدەنىيىتى» تىپىنى ياراتتى. ئۇلارنىڭ قىيالارغا ئويغان چەكمە رەسىملىرى بىلەن يايلاقلارغا قالدۇرغان قايراق-بالباللىرى ھېلىمۇ بۇنىڭدىن دالالەت بېرىپ تۇرۇپتۇ.

ئۇلار، دەسلەپكى جىلغا يولىنى، كېيىنچە

شەرق بىلەن غەربنى تۇتاشتۇرىدىغان ئالەم-
شۇمۇل «كارۋان يولى»-يىپەك يولىنى بەرپا
قىلىشتى. ئىنسانىيەت بۇ يول تۈپەيلى روژدىس-
تۋۇ بايرىمىدىن ئىلگىرىلا بىر-بىرىنى تونۇپ،
بىلىش تارىخىغا قەدەم قويدى.

- ئۇلار، جىلغا مەدەنىيىتىنىڭ تولىمۇ ئۇزاق
ئەسىرلىرىنى ئاخىرلاشتۇرۇپ، يايلاق مەدەنى-
يىتىنى باشتىن كەچۈرۈپ، بوستانلىقلارغا
قەدەم قويغاندىن كېيىن، بوستان ۋە يايلاق
مەدەنىيەتلىرىنى بىرلەشتۈرۈپ، غەربىي دىيارغا
خاس بوستان-شەھەر مەدەنىيىتى تىپىنى
ياراتتى. تارىخىي خاتىرىلەر قانچە-قانچە
شەھەر-قەلئەلەرنىڭ ئاجايىپ ھېكايەتلىرى-
دىن دالالەت بەرسىمۇ، ئۇلار بىردەك مۇشۇ
خىل مەدەنىيەت تىپىدە ياشاپ كېلىشتى.

ئۇلار، چۆل- قۇملارنىڭ تىنىمسىز تەھلىكى-
سى ۋە ئاپەتلىك يالداملىرىغا قارشى نەچچە
مىڭ يىللىق كۈرەش مۇساپىلىرىنى باشتىن
كەچۈرۈپ، پارچە-پارچە بوستان ۋادىلاردىن
ئىبارەت بۇ قۇم دېڭىزىدىكى «مەرۋايىت ئاراللار»-
دا ئۆزىنىڭ «باغۋاران قورۇ»تىپىدىكى تۇرمۇش
رىتىمىنى تىكلىدى. كۆپلىگەن قۇم بارخان-
لىرى خۇددى كونا مىراندەك بۇنداق باغۋاران
قورۇ«كېمە»لىرىنىڭ غەرقى خارابىسى بولۇپ
قالغان. غەربىي دىيارلىقلارنىڭ قۇم بارخان-
لىرى غەرق قىلىۋېتەلمىگەن يۈزلىگەن ھېكايە
ۋە داستانلىرى ئۇلارنىڭ ئاشۇ «ئارال»، «قەلئە»
ۋە«قورۇ»لار ئىچىدىكى ئۆز روھىيىتىنى قامال
قىلىۋالمىغانلىقىنى، دەل بۇنىڭ ئەكسىچە،
ئۆزلىرىنىڭ گۈزەل غايىۋى جەمئىيەت توغرى-
سىدا ئاجايىپ، رەڭدار ئارزۇ توقۇلمىلى-
رىنى جىلۋىلەندۇرۇپ كەلگەنلىكىنى كۆرسەت-
تى.

ئۇلار، بىپايان ئۇسسۇز ئانا
زېمىنىدا تۇرۇپ، «مۇلۇت
(بۇلۇت) ئىلاھى» ۋە «مۇز تاغ ئاتا»غا تەل-
پۈنۈپ، مەشئەل يېقىپ، يامغۇر تىلەپ،
قوڭغۇر تۇپراق بىلەن زۇمرەت سۈيىنىڭ قوشۇ-
لۇشىنى ۋە زېمىننىڭ يېشىل كىمخاپ بىلەن
پۈركۈنىشىنى ئۈمىد قىلىشتى — ئۇمايغا،
«يادە» تاشقا ئوقۇلغان ئەپسۇن ۋە قەسىدىلەر
بىلەن «سۇمۇلە» (كۆك مايسا) مەشرەپلىرىنى
ئەسىرلەردىن ئەسىرلەرگە ئېلىپ كىرىشتى.
سۇ ۋە تۇپراق، گۈل ۋە بۇلبۇل، سۆيگۈ ۋە
سەنئەت ئۇلارنىڭ روھىيەت دۇنياسىدا
جۇشقۇن ئېتىنىڭ ئالامەت سۈپىتىدە
چېنىقتى.

ئۇلار، ئالەمدە مەشھۇر «مۇقام - مەشرەپ
دىيارى»، «ناخشا - ئۇسسۇل ماكانى»،
«يېزىق - پۈتۈك مۇزېيى»، «تاش كېمىر
سەنئەت پاۋىلىيونى» ھاسىل قىلالىدى.
ۋەھالەنكى، دۇنيادا تەڭدىشى يوق ۋە
سەنئەتنىڭ ھەممە جەھەتلىرىنى بىر -
بىرىگە سىستېماتىك باغلىغان بۇ باھاسىز
سەمەرىلەر ھازىرقى كۈنگىچە ھېسابسىز
تەتقىقاتچىلارنىڭ زېھنىگە ئاتەش
چاچماقتا.

ئۇلار، ئېلىمىز تارىخىدا «خوجىيا»
(غوز سودىگەرلىرى)، چەت ئەل يېزىقلىرىدا
«ساتۇق» نامىنى ئالغان ماھىر تىجارەتچىلەر
تۈركۈملىرىگە قانات بېغىشلىدى. ئۇلارنىڭ
تۆگە كارۋانلىرى، ئاتچىلىرى مۇزلۇق تاغلار،
تاشقىن سۇلار، ئۇچقۇر قۇملار، ئوتلۇق
دەشتلەر بىلەن ۋەھىمىلىك قاپتاللاردىن
ئۆتۈپ، تونۇش ۋە ناتونۇش يۇرتلارنى
كېزىپ، قەدىمكى مال ۋە مەدەنىيەت
ئايرىۋاشلاش تارىخىنىڭ كەشتىلىرىگە گۈل
چەكتى. ئۇلار يىراقتىن ئاڭلانغان تۆگە
كولدۇرمىلىرى، ئات تۇياقلىرىنىڭ
تىۋىشلىرىگە ئىجادىيەت نەزەرىدە تەلپۈنۈپ

كۆنگەن. دەشت - جەزىرىلەرگە ئىگىسىز ۋە ھەقسىز يېمەك - ئىچمەك خەيرىخانىلىرىنى قۇرغان. ئۇلارنىڭ سودىگەرلىرىنىڭ تولىسى مېھماندوستلۇقنى يەنىلا سودىگەرچىلىكتىن ئۈستۈن قوياتتى. ئۆز دىيارىغا كەلگەن مۇساپىر - ئىستىقامەتچى مېھمانلارغا سودىگەر قىياپىتىدە روبىرو چىقىشنى ئار كۆرەتتى. ئۇلار ئاشۇرۇپ سوۋغا قىلىش ئىمكانىيىتى بولغاندىلا باشقىلارنىڭ سوۋغىلىرىنى قوبۇل قىلاتتى. گەرچە بۇ ئاي - بۇ كۈنلەردە ئۇلاردىن تونۇلغان كارخانا ئىگىلىرى چىقمىغان بولسىمۇ، ئۇلار يىپەك يولى گۈللەنگەن ۋاقىتلاردا ساسانىيلار بىلەن ۋىزانتىيە سودىگەرلىرىنى كۆپ قېتىم يېڭىپ، سودا - تىجارەت ھۈنەرىنىڭ ئاجايىپ سەنئەتكارلىرى بولۇپ ئالەمگە تونۇلغان خەلقنىڭ ئەۋلادى. ۋەھالەنكى، ئۇ زامانلاردا ئاتلانتىك ئوكيانىنىڭ ھەر ئىككى قىرغىقىدا ئۇنداق باياشات سودا سارايلىرى ۋە تىجارەت پۇلپەزلىرى بولغان ئەمەس. بۇ توغرىلىق ئەڭ ئېلىپبەنتار تارىخ دەرسلىكلىرىنىڭ ئۆزىلا يېتەرلىكقۇ!

مانا مۇشۇ غەربىي دىيارلىقلار تارىخىنىڭ ئۆرلەپ - چۈشۈش قانۇنىيىتىنىڭ تەسىرىدە، خۇددى «ئەسھابۇلكەھف» دىكى «سەككىز سەييياھ» دەك ئەسىرلەپ ئۇخلاشتى. ئەرەب قوشۇنلىرى ياۋروپا دەرۋازىسى بولغان ئىسپانىيە (ئاندالۇشيە)گە بېسىپ كىرگەندە باشلانغان بۇ ئۇيقۇ، غەربىي ياۋروپالىقلار ئېلىمىز جۇڭگونىڭ پورت ۋە سېپىللىرىنى توپقا تۇتقاندىمۇ ئاياغلاشمىدى! ئۇنىڭدىن كېيىن يەنە بىر يېرىم ئەسىر ئۆتۈپ كەتتى! ئۇلار ئويغاق چەۋەندازلاردىن ھېسابلانغان زامانلاردا تاغ - داۋان ۋە قۇم- باياۋانلارنىڭ نوپۇزى ئۇلارنىڭ ئات تۇۋاقلىرىنىڭ ئاستىدا چەيلەنگەن ئىدى. ئۇلار ئۇخلىغان ۋە يىپەك يولى خارابلاشقاندىن كېيىن، ھەتتا ئۇلارنىڭ ئەۋلادلىرى ئۆز ئەجدادلىرىدىن قالغان بالبالار، تاش كېمىر يادىكارلىقلىرى، شەھەر - قەلئە خارابىلىرىدىنمۇ قورقۇنچ ھېس قىلىدىغان بولۇپ قالدى. ئەسەبىيلىكلىرى تۇتقاندا ئۇلارنى يوقىتىشقا ئالدىراشتى. قاراڭ، ئۇ ئاجايىپ ئۇنتۇلۇش، غەلىتە «ياتلىشىش»، ھە! ئۇلارنىڭ ماكانلىرى ئۇلار يىپەك يولىنى گۈللەندۈرگەن زامانلاردا تېخى دۇنياغا كەلمىگەن مەملىكەت ۋە رايونلاردىن كەلگەن ئارخېئولوگلارنىڭ قېدىرىش ۋە ئىزاھلاش ئوبيېكتىگە ئايلىنىپ قالدى! ئۇلارغا «يولباشلىغۇچى»چىلار خۇددى پانتومىما (گاچا تىياتىرى) ئاكتيورلىرىدەك باش چايقاش، تەئەججۈپتىن باشقىنى بىلمىدى. مانا بۇ غەربىي دىيارلىقلارنىڭ ئۆز شۆھرىتىنى ئۇنتۇغان نومۇسى ۋە ئۆز نومۇسىنى تۇيمىغان مەنىۋى پاجىئەسى ئىدى! دەر ھەقىقەت، شەرق - غەرب مەدەنىيەتلىرىنى بىرلەشتۈرگەن، ھەتتا بىر زامانلاردا ھەر تەرەپتىن ئىستىقامەتكە كەلگەن بۇددىزم مۆتىۋەرلىرىنىڭ مەكتىپى بولۇپ تۇرغان يۈزلىگەن توچكىلارنىڭ «ئەجنەبىي ئالىملار»نىڭ ئەۋرىشكە تېرىدىغان ئوقەتلىرىغا ئايلىنىپ قېلىشى تارىخىي مەسخىرە ئەمەسمۇ؟ ئۆمەر ھەييام توغرا ئېيتقان ئىدى: ئۆلگەنلەر خاكىدىن كوزا ياساپ، جەسەت كۆمۈلگەن جايدىكى تەڭ قىزى (ئۈزۈم) قېنىدىن ۋىنو ياساپ ئىچىش - مانا بۇ تارىخنىڭ كونا ئادىتى. بۇ ئادەت ھېچكىم ئۈچۈن مەڭگۈ ئاخىرلاشمىسا كېرەك...

4

غەربىي دىيار ھەقىقەتەن مول ۋە ئەۋزەل

سىنكىرتنىڭ مەدەنىيەت تارىخىي قاتلىمىنى
چۆكمە قىلغان سېھىرلىك رايون.

قايسىبىر شەرق ياكى غەرب قەدىمكى
مەدەنىيەت مەركەزلىرىدە جۇڭگو ئۇيغۇر-
لىرى ياراتقان ياكى ۋارىسلىق قىلغاندەك
ئالەمشۇمۇل، نوقۇل مىللىيلىكتىن ھالقىغان،
سىنكىرتنىڭ مۇجەسسەملىك قىممىتى يۇقىرى
بولغان كلاسسىك ئەدەبىيات خەزىنىسى بول-
غان؟ بۇ، ھەممە مىللەت ئەدىبلىرى ئۈچۈن بىر مۆ-
جىزە! غەربىي دىيارلىقلارنىڭ ئۆزى ياشاۋاتقان
زېمىندىكى ئاسمان پەلەك قۇيۇن ئۇچۇرۇپ
تۇرىدىغان قۇم دېڭىزى ۋە تۇيۇقسىز كەلكۈن
قوزغاپ تۇرىدىغان مۇز - قارلىق تاغ - دا-
ۋانلاردىن پەرۋايى پەلەك، يەنىلا چىن
شاھزادىسى، ئىران مەلىكىسى، ھىندى گۈزى-
لى، يۇنان ھەكىمى، ئەرەپ دەرۋىشى، ئىنسۇ-
فىيە زەڭگىسى ... توغرىسىدا گۈزەل ھېكا-
يىلەر، داستانلار، غەزەللەر ياراتقان. ئۇلار-
نىڭ نەزەرىيىۋى قىممىتى يۇقىرى بولغان
ئەقلىيە سۆزلىرى، ماقال - تەمسىللىرىدە
كۆكنۇزىدىن سوقراتقىچە، ساكيامۇنىدىن
مۇھەممەد پەيغەمبەرگىچە كۆپلىگەن ئۆلمەس
ھەقىقەتلەر ساقلانغان. ئۇلارنىڭ تىبابەتچى-
لىكىمۇ دەل ئەنە شۇنداق غايەت زور مەھەل-
لىي ۋە جاھان جۇغلانمىلىرىدىن سەرخىل ۋەزىن
تاپقان. ئەگەر بىز تېخىمۇ يىراق تارىخىي
قاتلامغا نەزەر تاشلىماقچى بولساق، ئۇ چاغدا
مىلادىدىن ئىلگىرىكى 7 - 12 - ئەسىرلەردىكى
مەشھۇر «قاراسۇغ» مەدەنىيىتىنى كۆز ئالدى-
مىزغا كەلتۈرۈشىمىز مۇمكىن. بۇ، ئىسكەندەر
زۇلقەرنەيىن ۋە جاڭ چيەندىن تولىمۇ مۇقەد-
دەم شەكىللەنگەن شىمال - جەنۇب سىنكىر-
تىنىڭ برونزا مەدەنىيىتى، ئەجدادلىرىمىز يىپەك
يولىدىن بۇرۇنلا مۇنداق مەدەنىيەت ئىختى-
راچىلىرى سۈپىتىدە تارىخ سەھنىسىگە چىق-
قانلىقىنى كۆرسىتىدۇ. شۇنچە كۈچلۈك
ئىلگىرىلەش روھى بولمىسا، ياۋرو - ئاسىيا
كەڭ زېمىنىدىكى كۆرۈنگەن تەبىئىي ۋە
ئىجتىمائىي توسقۇنلۇقلارنى يېڭىپ مۇنداق
كەڭ يېيىلغان مەدەنىيەت تىپىنى بەرپا قىلىش
مۇمكىن بولمايتتى. ئەستايىدىل ئويلىغاندا،
بۇ، چىڭگىزخان قوشۇنلىرىنىڭ 12-ئەسىردىكى
يۈرۈشلىرىدىن مۈشكۈل، ئەمما ھوسۇلدار
تارىخىي ھادىسە بولغانلىقىنى ھېس قىلىش مۇمكىن.

ئېلىمىزنىڭ غەربىي زېمىنى ئۆز تارىخىدا
«قانداشلىق يولى»، «ئىلاھىيەت يولى»، «يې-
زىق يولى» بولغانلىقىنى ئۇنتۇلماسلىق
كېرەك. ئۇ ئاسىياچە ئاق تەنلىك ئېتنوگېنىز
(مىللەتنىڭ قان تۈزۈلمىسى) بىلەن ئاسىياچە
سېرىق تەنلىك (موڭغولوئىد) ئېتنوگېنىزنى
بىرلەشتۈرگەن ۋە شۇ ئاساستا بۇ رايوندا
تارىختا ياشىغان كۆپلىگەن قەبىلە ۋە مىللەت-
لەرنى شەكىللەندۈرگەن. تىل سىستېمىلىرى
بىلەن ئېتنوگېنىز سىستېمىلىرىنى مۇتلەق
باراۋەرلەشتۈرۈپ قويغىلى بولمايدۇ، ئەلۋەتتە.
بۇ دىيارنىڭ قەدىمكى ئىنسان تۈركۈملىرى
بولغان سكىف - ساك، ئارىئان، ھۇن، تۈرك
قەبىلىلىرى غەرب ۋە غەربىي جەنۇب يۆنىلى-
شى بويلاپ ھازىرقى ھىندىستان، ئافغانىس-
تان، پاكىستان، ئىران، يېقىن شەرق، كىچىك
ئاسىيا، ھەتتا قەدىمكى گرېك خەلقلىرىنىڭ
مىللىي تەركىبىگە ئېتنوگېنىز تەسىرى كۆر-
سەتكەن. بىز مۇنداق «مەركىزىي ئاسىياچە
ئېتنوگېنىز تەسىرى» ھادىسىنى شەرقىي ۋە
شىمالىي ياۋروپادىكى بىر قاتار ھازىرقى
زامان مىللەتلىرىدىنمۇ ئۇچرىتالايمىز.

ئېلىمىزنىڭ غەربىي زېمىنى ھەقىقەتەن
دىنىي تەسەۋۋۇرلار كارىدورى بولغان ئىدى.
ئۇ، ئاسىيادا ئاپىرىدە بولغان ۋە بارلىق
ئوتقا تېۋىنغۇچى ئېتقادلارنىڭ ئاتىسى ھېساب-
لانغان شامانىزم ئىلاھىيەتچىلىكىنىڭ پائالى-
يەت مەيدانى بولۇش بىلەن بىللە يەنە
ئاتەشپەرەسلىك، مانىزم، بۇددىزم، نەستورد-
ئان ۋە ئىسلام ئېتقادلىرىنىڭمۇ پائالىيەت
دەرگاھى بولۇپ خىزمەت قىلدى. ھەر خىل
ئېتقادلار دۇنيانىڭ ھەر قايسى جايلىرىدىن
بۇ زېمىنگە كۆپ قىرلىق مەدەنىيەت ۋە سەن-
ئەت ئۈلگىلىرىنى ئېلىپ كەلدى. ئەستايىدىل

كۆزەتكەن كىشىگە شۇنىسى روشەنكى، بىر تەرەپتىن، يۇقىرىدا تىلغا ئېلىنغان دىنىي ئېتىقادلار بۇ زېمىندا ئۆزلىرىدىكى ئىسلاھەتچىلىككە قارىغاندا، مۇھىمى ئۆزى يالداما قىلغان مەدەنىيەت يېڭىلىقلىرى قىممىتى بىلەن ماكان تۇتقان بولسا، يەنە بىر تەرەپتىن، بۇ خىل دىنىي ئېتىقادلار ئەسلى قىياپىتىدىن «يەرلىك تۈس»تىكى سىنكرېتىك قىياپەتكە كىرىپ بۇ زېمىندا ماكانلاشتى. بۇددىزم تاش كېمىر سەنئىتى غەربىي دىياردا ئەسلىدىكى باميان ۋە قەندىھار ئۇسلۇبىدىن بۇ يەرگە خاس كۇسەن ۋە قوچو ئۇسلۇبىغا كۆچتى. بۇددىزم نوملىرى ئەسلىدىكى سانسكرت نۇسخىلىرىدىن بۇ يەرگە خاس «خو» (غوز) شەكلى ۋە تەفسىرى نۇسخىسىغا ئايلاندى. ئاتەشپەرەسلىك ۋە مانىزم ئېتىقادلىرىمۇ مەھەللىلەشتى، ھەتتا شامان ۋە يەرلىك ئېتىقاد شەكىللىرى بىلەن تويۇندۇرۇلدى. ئىسلام ئېتىقادىمۇ مەھەللىي ئالىم قاراشلىرى، فولكلور ئەنئەنىسى ۋە كۈچلۈك مەشرەپ ـ مۇقام پائالىيەتلىرى بىلەن مۇرەسسەلىشىشكە مەجبۇر بولدى.

ئېلىمىزنىڭ غەربىي زېمىنى كۆپ خىل يېزىق قوللىنىلغان ماكان بولغان ئىدى. ھازىرغىچە شىنجاڭدىن تېپىلغان رەسمىي يېزىقلار ئۆز ئىچىگە قاروشتى يېزىقى، سۇرىيە يېزىقى، سوغدى يېزىقى، براھمى يېزىقى، سانسكرت يېزىقى، توخار يېزىقى، ئورخۇن-رونىك يېزىقى، قەدىمكى ئۇيغۇر يېزىقى، چاغاتاي يېزىقى، ھازىرقى زامان ئۇيغۇر يېزىقى قاتارلىق بىر نەچچە خىل يېزىق شەكىللىرىنى ئالىدۇ.

ئېلىمىزنىڭ غەربىي زېمىنى ئۆزىنىڭ باي تارىخىي قاتلاملىرىدا ھەر خىل مەدەنىيەتلەر ئۇچرىشىش «ئۇچرىشىش بەلبېغى»، ھەر خىل مەدەنىيەتلەر توقۇنۇشىدىغان «سوقۇلما نۇقتا»، ھەر خىل مەدەنىيەتلەر بىر ـ بىرىنى تاللاپ قوبۇل قىلىدىغان «سىنكرېتلىشىش رايونى»، ھەر خىل مەدەنىيەتلەر ئەۋرىشكىلىرى ساقلانغان «مەدەنىيەتلەر موزېيى» بولۇپ كەلگەن. غەربىي رايوندىن ئىبارەت مەدەنىيەت «كۆۋرۈكى»، «بازىرى»، «سەھنىسى» ۋە «گۈلزارى»تەخمىنەن ئىنسانىيەت مەدەنىيىتىنىڭ يېرىمىدىن ئارتۇقىنى ئۆزىدىن ئۆتكۈزۈپ، كۈچلۈك سىنكرېتىك مىللىي مەدەنىيەت ياراتقان ۋە شەرق ـ غەرب ئەللىرى مەدەنىيەتلىرىنىڭ ئەينى زامانىدىكى گۈللىنىشىنى مۇئەييەن ئوزۇق بىلەن تەمىنلىگەن. بىز ئېلىمىزنىڭ خەن ـ تاڭ مەدەنىيىتىگە نەزەر سالغۇدەك بولساق، ئۇ چاغدىكى «غەربىي دىيار كىيىم ـ تائاملىرى قىزغىنلىقى»، «غەربىي دىيار نوم سوتىرىلىرى قىزغىنلىقى»، «غەربىي دىيار مۇزىكا ـ ئۇسسۇل ـ تىياتىرلىرى قىزغىنلىقى»، «غەربىي دىيار سودا ـ سېتىق قىزغىنلىقى» قاتارلىقلارنىڭ بىر ـ بىرىگە ئۇلىنىپ يۈز بەرگەنلىكىنى كۆرىمىز.

غەربىي دىيار يەنە ئېلىمىز ئىچىدىكى مۇداپىئە قورغىنى ۋە مەدەنىيەت سوزغۇچى رولىنى ئۆتىگەنلىكىنىمۇ ئەستىن چىقارماسلىق كېرەك. ئىسكەندەر زۇلقەرنەيىن ۋە دارادىن تارتىپ قۇتەيبە ۋە تۆمۈر لەڭگىچە، كېيىنچە ئېنگلىز ۋە چار پادىشاھ رۇسىيەچە ئېلىپ بارغان كەڭ كۆلەملىك ئۇرۇش ھەم كېڭەيمىچىلىكلەرنى غەربىي دىيارلىقلار توسقان ۋە توختاتقان ئىدى. شۇنىڭدەك، غەربىي دىيارغا يىپەك يولى ئارقىلىق يېتىپ كەلگەن، ئەمما ئەينى زاماندىكى ئوتتۇرا تۈزلەڭلىك روھىيىتىگە لايىق كەلمەيدىغان ھەر خىل دىنىي ۋە غەيرىي دىنىي مەدەنىيەتلەر غەربىي دىياردا بىر ـ بىرى بىلەن سوقۇلۇپ، رەتلىنىپ ياكى ئۆزگەرتىلىپ، بىر قەدەم سۈزۈك ۋە سىڭىشلىق تىنما ھاسىل قىلغاندىن كېيىن، ئاندىن ئىچكى يۇرتلارغا ئۆتكەن. مۇشۇ ئاساستا ئىچكى ئۆلكىلەردە بىر قەدەر ئىنچ ۋە تېز جۇڭگولاشقان مىللىي ۋە يەرلىك تۈسكە، ھەتتا سىستېمىغا مۇيەسسەر بولغان.

ئېلىمىزنىڭ غەربىي زېمىنى ھەر قايسى ئەللەر مەدەنىيىتىگە ئۆزىنىڭ ۋە يىراق شەرقنىڭ مەدەنىيەت تۆھپىلىرىنى يەتكۈزگەن

ئىدى. رېنې گرۇئوسېت ئۆزىنىڭ «شەرق مەدەنىيىتى» ناملىق كۆپ توملۇق ئەسىرىنىڭ «ھىندىستان مەدەنىيىتى» ناملىق تومى (خەنزۇچە، 1965-يىل نەشرى) نىڭ 59-بېتىدە، كۇچا، تۇرپان ھەتتا دۇنخۇاڭ بۇددا سەنئىتىگە نىسبەتەن پەنجاپ ۋە قەندىھار بۇددا سەنئىتىنى پەقەت ئىچكى سارايىنىڭ تاشقى دالىنىغا ئوخشاتقان، خالاس. ئامېرىكا تارىخچىسى ۋىلىيام مېگۇۋېرىن «قەدىمكى مەركىزىي ئاسىيا ئەللىرى» ناملىق ئەسىرىدە: «كۆپ يىللاردىن بۇيان بىزنىڭ ياۋروپاچە مەدەنىيىتىمىزنىڭ تولىسى رىم ۋە گرېتسىيە ئارقىلىق مەيدانغا كەلگەن، دەپ ئېتىراپ قىلىپ كەلگەن ئىدۇق ... يېقىنقى تارىخىي تەتقىقات بىلەن ئارخېئولوگىيىلىك ئىختىرالار مۇنداق نەزەرىيىنىڭ ئۇيدۇرما ئىكەنلىكىنى ئىسپاتلىدى... ياۋروپا، ھەتتا ئامېرىكىنىڭ مەدەنىيىتى، سىياسىي ۋە ئىقتىسادىي ھاياتى مەركىزىي ئاسىيانىڭ كۈچلۈك تەسىرىگە ئۇچرىغان» دەپ كۆرسەتتى. بۇنىڭدىن بىر ئەسىر ئىلگىرى قەشقەر، خوتەن قاتارلىق جايلاردىن تېپىلغان سانسكرىت يېزىقىدىكى قوليازمىلار كالكوتتادىكى دوكتور ھورنېلىنىڭ قولىغا ئۆتۈشى بىلەن قەدىمكى تارىخىي تېكىستلىرى ساقلانغان ھىندىستان تارىخىنىڭ مۇھىم ئەيىنىكى خۇددى تارىم ۋادىسىدىن تېپىلغاندەك زىلزىلە پەيدا قىلدى. بۇ، ستەيىننىڭ ئۈچ قېتىملىق ئارخېئولوگىيىلىك ساياھىتىگە تۈرتكە بولدى. ئۇلاردا دۇنياغا كەلگەن مانىزم دەستۇرلىرى ۋە قىستۇرما رەسىملىرى ئەۋرىشكىلىرى بۇ دىنىنىڭ ۋەتىنىدە ئەمەس، بەلكى ئىدىقۇت شەھەر خارابىلىرىدىن تېپىلدى. دەرۋەقە، ئېلىمىزنىڭ بۇ غەربىي كۆزنىكى تېخى رەسمىي قېدىرىلمىغان ئالەمشۇمۇل ئارخېئولوگىيىلىك يەر ئاستى مۇزېيىدىن ئىبارەت.

## 5

يۇقىرىدا غەربىي دىيارنىڭ سۈپىتىكە ھەم تارىخىي قاتلام ئەۋزەللىكلىرى ئۈستىدە توختالدۇق.

مانا ئەمدى بىز دىيار ئويغىنىۋاتقان، بۈگۈنكى تارىخنىڭ تۈرتكىسىدە قايتا گۈللىنىش ھارپىسىغا كىرىپ كەلدى.

ھازىرقى جاھان تارىخىنىڭ مۇھىم ئالامەتلىرى مۇنداق: ئىشلەپچىقىرىش ۋە ئېنېرگىيە ئىقتىدارىنىڭ يەر شارىنى تىزگىنلەش سەۋىيىسىگە يېتىپ قالغانلىقى؛ سىۋىلىزاتسىيىگە بولغان ئىنتىلىشنىڭ ھازىرقى زامان روھىيىتى ۋە تەرەققىياتىدىكى كۈچلۈك ئىنتىلىشكە ئايلىنىپ قالغانلىقى؛ ئېنفورماتسىيىلىك يېڭىچە دۇنياۋى چۈشەنچە مودېلى ۋە ئىنسانىيەتنىڭ يېڭىچە گارمونىك مۇناسىۋەتلىرى مودېلىنىڭ بېكىنمىچىلىك ۋە بىر-بىرىنى چەتكە قېقىش مودېلى ئورنىغا ئىز بېسىۋاتقانلىقى؛ شەرقنىڭ مۇستەملىكە، يېرىم مۇستەملىكە ھالىتىدىن قۇتۇلۇپ، ھازىرقى زامان مەدەنىيىتى ھاياتىدا گىگانت كۈچكە ئايلىنىپ بېرىش جەريانىنىڭ كۆپ تەرەپلىمە تېزلىشىۋاتقانلىقى قاتارلىقلاردىن ئىبارەت.

غەربىي دىيار ئۆزىدىكى نېفىت زاپاسلىرىنىڭ مۆجىزىلىك موللۇقى بىلەن يېقىن ۋە يىراق كەلگۈسىنىڭ ئېنېرگىيە ئىلاھىيەسى نامزاتى بولۇپ جىلۋىلەنمەكتە! غەربىي دىيارنىڭ يەر ئاستى بايلىقلار خەزىنىسى بىلەن يەر ئۈستى بايلىقلار ئەۋزەللىكى كىشىلەردە بۇ گۆھەر زېمىنغا بولغان يېڭى قىممەت قارىشى ۋە كەلگۈسىشۇناسلىق تەسەۋۋۇرلىرىنى ئويغاتماقتا. مەدەنىيەتتىلا ئەمەس، پۈتكۈل ئىقلىم ۋە تەبىئەتتە بېكىنمە ھالەتتە تۇرغان بۇ دىيارنىڭ داۋاملىق ۋە كۆپ تەرەپلىمە كۆزنى چاقنىتىدىغان ئىمكانىيەتلىرىنىڭ مەۋجۇتلۇقى ئىنسانىيەتنىڭ دۇنيانى بىلىش تارىخىنىڭ كېيىنكى ئۇتۇقلىرى بولۇپ بېرىشىدا قانچىلىك شۈبھە بولۇشى مۇمكىن؟

ھازىرقى زامان قاتناش ئىقتىدارى يىپەك يولى خارابىلاشقاندىن كېيىن تاشقا بەنت قىلىنغان بۇ ئەزىمەت پرومېتېينى زەنجىردىن

ئازاد قىلىشقا باشلىدى. ئىلگىرىكى تۇپىلىق يول — «يىپەك يولى» ئورنىدا مەملىكەت ئىچى ۋە سىرتى بىلەن تۇتاشقان تاشيول، تۆمۈر يول، ھاۋا يوللىرى بەرپا بولۇشقا باشلىدى. مانا يېقىندىلا بۇ يەرنى كېسىپ ئۆتىدىغان خەلقئارا تۆمۈر يول — ئۈرۈمچى - ئالاتاۋ تۆمۈر يولى ياسىلىپ، قاتناش باشلاندى. بۇ ئۇلۇغ ئوكيان قىرغىقى بىلەن ئاتلانتىك ئوكيان ساھىلىنى تۇتاشتۇرىدىغان يەنە بىر زامانىۋى «يىپەك يولى»! بۇ «جۇڭگو - پاكىستان تاشيولى» دىن كېيىنكى يېڭى بىر خەلقئارا زامانىۋى قاتناش لىنىيىسى.

ھاۋا قاتنىشى ئىقتىدارىنىڭ ئېشىپ بېرىشى پۈتكۈل مەدەنىيەت تارىخىنىڭ يېڭى ۋە ئىستىقباللىق ساھەسى. بۇندىن كېيىن شىنجاڭ بىلەن ھەر قايسى قوشنا رايونلار ئارىسىدىكى قىسقا مۇساپىلىق ئىقتىسادىي - ماددىي ئالماشتۇرۇش خاراكتېرىدىكى ھاۋا قاتنىشىنىڭ كۆپلەپ يولغا قويۇلۇشى تەسەۋۋۇردىكىلا ئىش. بۇندىن باشقا چوڭ تىپتىكى مېتال ھاۋا كېمىسى بولغان دىرىژابىل بىر - ئىككى پويىز يۈكىنى كۆتۈرۈپ، ئەرزان باھادا يەر شارىنى ئىككى سوتكىدا بىر قېتىم ئايلىنىپ چىقالايدۇ. تېخنولوگىيىلىك كۈنتەرتىپكە قويۇلغان ياكى قويۇلمىغان مۇنداق ھاۋا قاتنىشى مۇمكىنلىكلىرى مۇقەررەر يوسۇندا دېڭىز - ئوكيانلاردىكى سىماپتەك ئېغىر ۋە تەيفېڭ بورانلىرى بىلەن مۇشكۈللۈك تۇغدۇرىدىغان سۇنىڭ قارشىلىقىنى يېڭىپ ئىلگىرىلەشتىن ئۆزىنىڭ ئېيتقۇسىز ئەۋزەللىكلىرىنى نامايەندە قىلىدۇ.

فارابىي بىلەن ئىبنى سىنا توغرا ئېيتقان: تۇپراق ئەڭ ئېغىر ۋە قاتتىق بولغاچقا ئاستىدا تۇرىدۇ. سۇ تۇپراقتىن يەڭگىلرەك بولغاچقا، تۇپراقنى قورشاپ تۇرىدۇ. ھاۋا ئەڭ يەڭگىل، شۇڭا ئۇ ئۈستىدە تۇرىدۇ. بۇ، قاتناش قارشىلىقلىرىنى يېڭىش جەھەتتىمۇ شۇنداق! ئىنسانىيەت قاتناش تارىخىمۇ قۇرۇقلۇق، سۇ، ھاۋا لىنىيىلىرىنى ئەنە شۇ تەرتىپتە بېسىپ ئۆتىدۇ. ئات- تۆگىلەرگە نىسبە-تەن ئەۋزەللىكىنى كۆرسەتكەن، دېڭىز - ئوكيان قاتنىشى ئۈستۈنلۈك ئالغان بىر پۈتۈن ئىرا، ئەمدى تەرەققىيات ئەۋزەللىكى ئەڭگۈشتەرىنى پويىز ۋە ئايروپىلان - دىرىژابىل قاتنىشىغا ئۆتكۈزىدىغان مەزگىل يىراق ئەمەس! جۇغراپىيىلىك مۇھىتى باي ۋە قاتناش مۇھىتى ئوڭاي غەربىي دىيارنىڭ ئالەمشۇمۇل ئىقتىساد ۋە مەدەنىيەت مەركەزلىرىدىن بىرىگە ئايلىنىشى يەنە شۈبھىلىكمۇ؟ ھەر قانداق تارىخ ۋە ئىقتىسادشۇناسلىق بويىچە يىراقنى كۆرەر كەلگۈسىشۇناسلار بۇ نۇقتىنى ئىنكار قىلماسا كېرەك. خاراكتېرلىكى شۇكى، ئۇ، قەدەم بېسىلغان ۋە رېئاللىققا كىرىپ كېلىۋاتقان كەلگۈسىشۇناسلىقتۇر!

ئىنسانىيەتنىڭ ئۆزىمۇ ماددىي - مەنىۋى دائىمىي ئېھتىياجلىرى تۈپەيلى يىپەك يولىنى قايتا ئېچىش ئىستىكىگە، پائالىيىتىگە قىزىقىپ قالدى. ئۆزبېكىستان، تاجىكىستاندا، ئېلىمىزنىڭ شىنجاڭ رايونىدا يىپەك يولى بويىچە ئارخېئولوگىيىلىك قېدىرىشلار، ئىلمىي تەتقىقات مەركەزلىرى، سەيلى - ساياھەت پائالىيىتى، سودا ئالاقىلىرى بىردىنلا باھاردىكى دالا لەيلىلىرىدەك ئېچىلىشقا باشلىدى. پامىر - تەڭرىتاغلىرىدىن ھالقىغان يېڭى قاتناش لىنىيىلىرى، مېھمانخانىلار سېخىملىنىشقا باشلىدى.

## 6

ئاخىرىدا بۇ قىسقىچە مۇھاكىمىلىرىمدىن مۇنداق يەكۈن چىقارماقچىمەن:

يېڭى، شەرق رېنېسانسىنىڭ مۇقەررەرلىكىنى پۈتكۈل مەدەنىيەت تارىخىنىڭ قانۇنىيەتلىك ۋە باسقۇچلۇق راۋاجلىنىش جەريانلىرى تەقەززا قىلماقتا. غەربلىكلەر ئارىسىدىكى «ھەممە مەدەنىيەت يېڭىلىقلىرى غەربتىلا ئاپىرىدە بولىدۇ» دەپ ئادەتلەنگەن كىشىلەرگە ئوخشاش، بىزدىمۇ، شەرقلىقلاردىمۇ خۇددى شۇنداق قاراپ كۆنگەن ساددا ۋە ناتوغرا قاراشتىكى كىشىلەر ئاز ئەمەس.

ئۇلارغا ۋارقىراپ قويۇش كېرەك: تارىخنىڭ كاتتا - كاتتا قاتلاملىرى غايەت زور ئۆزگىرىشكە يۈزلەنمەكتە. شەرق گۈللىنىشى مەنزىرىسى تارىخ ئۇپۇقىغا چېكىلمەكتە؟

يېڭى، شەرق مەدەنىيەت ئويغىنىشى ئىنسانىيەتنىڭ مانا مۇشۇ قەدىمكى يىپەك يولىدا قايتا ئۇچرىشىشنى تەلەپ قىلىدۇ. قاتناش ۋە ئىقتىسادىي مۇناسىۋەتلەرگە ئەگىشىپ مەيدانغا كېلىدىغان يېڭى مەدەنىيەت ھادىسىسى مۇشۇ غەربىي زېمىندىن خالىي ھالدا يۈز بېرىشى مۇمكىن ئەمەس. ئېلىمىزنىڭ غەربىي ساھىلىدا ياشاپ، بۇ گۆھەر زېمىننىڭ تارىخىي قاتلىمى ۋە بۈگۈنكى قىممىتىنى «قايتا بىلىپ يەتمىگەن»، كەلگۈسى پەقەت ئەيسا پەيغەمبەرنىڭ تۇغۇلغان كۈنىنى بايرام قىلىدىغان جايلاردىن باشلىنىدۇ، دەپ قارايدىغان كىشىلەرگىمۇ ۋارقىراپ قويۇش كېرەك: كەلگۈسى بۇ يەردىن باشلىنىدۇ!

يېڭى، شەرق گۈللىنىشى فىزىك ۋە بىئولوگلار ئۆز تەجرىبىخانىلىرىدا ياساپ چىقىدىغان بىرەر ئىلمىي كەشپىيات ئەمەس، بەلكى ئۇ مۇنداق تۆھپىكار نەتىجىلەرنى ئۆز ئىچىگە جەمغىرلىگەن يېڭىچە ئاڭ، يېڭىچە سىۋىلىزاتسىيە، يېڭىچە تۇرمۇش قىممىتى ۋە تۇرمۇش تىپىدىن ئۆز سىستېمىسىنى تەشكىللىگەن يېڭىچە تارىخىي ھەرىكەتتىن ئىبارەت.

ئۇ، ئۆز مۇقەددىمىسىنى ئاچقاندىن كېيىن، يەنە كۆپلىگەن ئەسىرلەر كۆكسىدە ئۆز جامالىنى تۈزەيدۇ. ئۇ ھەقىقىي مەنىسى بىلەن شەرق ۋە غەرب مەدەنىيەت تارىخى ۋە مەدەنىيەت نەتىجىلىرىنىڭ شەرق تىپىدىكى يېڭىچە تارىخىي سېنكرېتىك كرىستاللى سۈپىتىدە ئالەمشۇمۇل تەنتەنە قوزغايدۇ.

كىشىلەر يۈزەكى قارىغاندا، خۇددى دەۋردىن ھالقىغان، رېئاللىقتىن ھالقىغان، پۈتۈنلەي قىزغىن رومانتىك خىيالدەك كۆرۈنگەن بۇ تارىخىي جەرياننىڭ «سېپىل تۈۋىدىگە كېلىپ قالغان قوشۇندەك» دەۋرىمىزنىڭ ماھىيەتلىك رېئاللىقى ئىكەنلىكىنى «تۈن ئۇيقۇلىرى»دىن كۆز ئېچىپ، ئەتراپقا كۆز يۈگۈرتسىلا ئېتىراپ قىلىش مۇمكىن.

مەن ئاخىردا ئېلىمىزنىڭ غەربىي زېمىنىدا ياشاۋاتقان ئۆز قېرىنداشلىرىمغا ئىككى ئېغىز سۆزلىمەكچىمەن: تارىخنىڭ «قۇرئەسى» مانا مۇشۇ مۇقەررەرلىكنى كۆرسىتىپ تۇرۇپتۇ! ئۇنى قارغاپمۇ، قىزغىنىپمۇ، توساپمۇ رېئاللىققا ئايلىنىش يۈزلىنىشىدىن توختىتىپ قويۇش مۇمكىن ئەمەس! بەخت قۇشى «ھوما» خۇددى پادىچى بالىنىڭ بېشىدا پەرۋاز قىلىۋاتقاندەك ھالەت شەكىللەنمەكتە. ئۇيقۇ، ئۆسەك، ھاڭ بېقىش ۋە لاغايلاپ يۈرۈش دەۋرى ئاخىرلاشتى. چىنلىق، ياخشىلىق، گۈزەللىك ئۆلچەملىرى يېڭىلىنىدۇ. ئۇ ھەممىمىزدىن ئاڭ - پىكىر قېلىپلىرىنى زامانىۋىلاشتۇرۇشنى تەلەپ قىلىدۇ. كۆپ ئەسىرلىك غەپلەت ئۇيقۇلىرى پەيدا قىلغان مەدەنىيەت نېگىلىزمى (ئىنكارچىلىق)، مەدەنىيەت ئۇيۇشمىسىزلىكى، ھەسەت ۋە چەتكە قېقىش، كونا - قالاق تۇرمۇش ئۇسۇلىغا قارىغۇلارچە ھېرىسمەنلىك، بېكىنمىچىلىك ئاسارىتىدىكى «كىچىك دۇنيا» قاراشلىرى قاتارلىق روھىي ئىللەتلەرنى يۇقىرى ئاڭ، يۈكسەك ئىپتىخار بىلەن تازىلاپ، يېڭى، زامانىۋى، سوتسىيالىستىك مىللەتلەردىن بولۇپ چىقىش — مانا بۇ بىردىنبىر ئىجادىيەت يولى. مەن ئالدىن ئويغانغۇچىلارنىڭ جاھىلانە قارشىلىق ۋە تىل - ھاقارەتتىن باش تارتماي، مىللەت، ۋەتەن ۋە ئىنسانىيەت مەنپەئەتىنى بىر سىزىقتا تىزغان بۇ ئۇلۇغۋار تارىخىي يۈزلىنىشكە باشلامچىلىق قىلىشىنى سەمىمىي ئۈمىد قىلىمەن. تارىخ ئۇلارغا مەنسۇپ!

1990 - يىل سېنتەبىر، ئۈرۈمچى

# قاركۆپ ياغقان قىش



(پوۋېست)

خالىدە ئىسرايىل

يۇلتۇز قىزغۇچ تام چىرىغىنى خىرە يورۇتۇپ تۇرغان ياسىداق ئۆيدە قىپيالىڭاچ دېگۈدەك يۇزۇلۇپ ياتاتتى. ئاپئاق ياستۇقنى بىر ئالغان تۇم قارا چاچلىرى ئۇنىڭ چىرايىنى تېخىمۇ زەئىپ، تاتىراڭغۇ كۆرسىتەتتى. ئۇزۇن ئىرىنچەكلىرىنىڭ بىلىنەر - بىلىنمەس تىترەش- لىرىنى، لەۋلىرىنىڭ سەلگىنە مىدىرلاشلىرىنى ھېسابقا ئالمىغاندا، بىر ۋاقىتلاردا كىشىنى مەپتۇن قىلىدىغان، بەكمۇ گۈزەل بۇ چىراي شۇ تاپتا گويا ھاياتلىق نۇرىدىن ئەسەر قالمىغان مۇردىنىڭ چىرايىدەك سۇرلۇك كۆرۈنەتتى. كاردىۋاتتىن ساڭگىلاپ قالغان بىر قولىدا پىلىلداپ تۇرغان تاماكا بىلىنەر - بىلىنمەس ئىس چىقىرىپ ئۆزى بىلەن ئۆزى يېنىپ تۈگەۋاتاتتى. كۈلگە ئايلانغان قىسمى دەمبۇدەم يەردىكى گىلەمگە تۆكۈلەتتى... تاماكا ئوتىنىڭ بارماقلىرىنى كۆيدۈرۈشى يۇلتۇزنى سەگىتكەندەك بولدى. ئۇ، كۆزىنى تەستە ئېچىپ قولىدىكى تاماكىنىڭ كۆتىكىنى ئىشىك تەرەپكە ئاتتى - دە، يەنە كۆزىنى يۇمۇۋالدى. بايىقى گۈزەل باغلار، ئېتىلىپ تۇرغان فونتانلار، ياپيېشىل سۇلار ئۇنىڭ

كۆز ئالدىدا يەنە پەيدا بولدى. بۇ ئۇنىڭ ئارزۇسىدىكى، چۈشلىرىدىكى ماكان ئىدى. ئۇ، پەرىزاتلاردەك ئۇزۇن ئاق كۆڭلىكىنى لەپىلدىتىپ دەل - دەرەخلەر، فونتانلار، سۈزۈك سۇلار، ياپيېشىل چىمەنلىكلەر ئۈستىدىن ئۇچۇپ ئۆتەتتى. قولىدا مىكرافون بار ئىدى. ئۇنىڭ لەرزان ناخشىسى بۇلۇتلار ئېگىزىدە، يوپۇرماقلار ئارىسىدا، ھەسەن - ھۈسەندەك جۇلالىنىپ، پارقىراپ ئايلىنىۋاتقان سۇ تامچىلىرى ئارىسىدا ياڭرايتتى. قەيەردىندۇر كىنوغا ئېلىش ئاپپاراتىنىڭ ۋىژىلدىغان ئاۋازى، رېژىسسورنىڭ ماختاشلىرى، چاۋاكلار ئاڭلىناتتى، كىملەردۇر ئۇنىڭغا دەستە - دەستە گۈللەرنى ئاتاتتى ... ئۇ، گۈللەرنى تۇتۇۋې-لىشقا ئۈلگۈرەلمەي ھەش - پەش دېگۈچە گۈللەر ئارىسىغا كۆمۈلۈپ قالدى. ئۇنى بىر توپ يىگىتلەر - بىر - بىرىدىن كېلىشكەن، چەبدەس يىگىتلەر بېشىغا ئېلىپ كۆتۈرۈۋالدى. كاتتا بىر سورۇنغا - ئاجايىپ گۈزەل مۆزىكىلار ياڭراپ تۇرغان، تۆت ئەتراپى، تورۇسى، ھەممىلا يېرى ۋال - ۋۇل قىلىپ كۆزنى چاقنىدىغان بىر جايغا ئېلىپ كىرىشتى. ئۇ، ئۇلارنىڭ ئىچىدىكى ئەڭ سۆيۈملۈك يىگىتىنى تاللاپ تانسىغا چۈشتى. يىگىت ئۇنى بەللىرىدىن مەھكەم قۇچاقلاپ يېنىككىنە ئايلاندۇراتتى. يۈزىنى يۈزىگە يېقىپ قۇلىقىغا نېمىلەرنىدۇر پىچىرلايتتى. ئۇنىڭ بېشى قايداتتى، كۆز ئالدىدىكى دۇنيا پىرقىراپ ئايلىناتتى، كۆزلىرى ئالاق - جالاق بولاتتى. ئۇ بېشىنى كۆتۈرۈپ تورۇسقا، تۆت ئەتراپقا قارىدى. ھەممىلا يەردە ئۆزىنى كۆردى. ئۇ ئۆزىنى تۇتۇۋالالماي قاقاقلاپ كۈلەتتى، ناخشا ئېيتاتتى، پىرقىرايتتى، كۆزلىرىدىن ئۇچقۇنلار چاچراپ، تەنلىرى يۈكلىشەتتى ... بۇ شادلىقنىڭ، تاماشىلارنىڭ ھەددى - ھېسابى، چېكى يوقتەك بىلىنەتتى ...

يېرىم كېچە. قىپقىزىل بىر موتسىكلىت يىرتقۇچتەك ھۇۋلاپ پاكىزە، رەتلىك چوڭ كوچىلاردىن ئۆتۈپ، چىمەنچەت ئارقا كوچىلارنىڭ بىرىگە كىرىپ كەلدى. دۇنيادىكى ھەر قانداق بىر شەھەرگە ئوخشاش بۇ ياپيېشىل، گۈزەل شەھەرنىڭمۇ قەۋەتلىك بىنالار، تۈپتۈز ئاسفالت يوللار، گۈللۈكلەر، باغچىلارنىڭ ئارقىسىدا جايلاشقان يەنە بىر قىسمى بار. بۇ كوچىلاردا يەرلىك ئاھالىنىڭ قىڭغىر - قىيسىق، ئېگىز - پەس قۇرۇق تاملىرى بىلەن ئورالغان ئاددىي ئۆيلىرى بار. ئۈچەيدەك تار، ئوڭغۇل - دوڭغۇل يوللار يازدا توپىلىق يول، قىشتا قار - مۇزلۇق يول، ئەتىيازدا پاتقاق يولغا ئايلىنىدۇ. دوقمۇش - دوقمۇشلارغا دۆۋىلەنگەن ئەخلەتلەر ۋە ئېقىن دائىمىي ھالەتتىكى ئاممىۋى ھاجەتخانىلار تۆت پەسىلنىڭ ھەر قانداق ۋاقتىدا كىشىنى چىداپ تۇرغۇسىز سېسىق پۇراق تارقىتىپ تۇرىدۇ. بۇ كوچىلاردا كادىر، زىيالىي يوق دېيەرلىك. بۇ كوچىلاردا تۇغۇلۇپ چوڭ بولىدىغان بالىلارمۇ ئاۋۇ ئاۋات، پاكىزە كوچىلارنىڭ بالىلىرىغا ئوخشىمايدۇ، ئۇلارمۇ ئاتا - ئانىلىرىغا ئوخشاش ناھايىتى كىچىك ۋاقىت-لىرىدىن تارتىپلا مەكتەپتىن قېچىشقا باشلايدۇ، ۋاقىتسىز، جەمئىيەتنىڭ ھەممە قايناملىرىدا قايناپ، ئىنسانىنىڭ ھەممە ئەپلاسلىقلىرىنى كۆرۈپ يېتىپ، بالدۇر پىشىپ يېتىلىدۇ ۋە ئۆزىگە بەكمۇ كۆپ رەزىللىك، ئىللەتلەرنى يۇقتۇرۇۋالىدۇ. شۇ تاپتا غۇۋا يورۇپ تۇرغان كوچا چىرىغى ئاستىدا 13 - 14 ياشلاردىكى، ئۈستىباشلىرى پاسكىنا ئۈچ ئوغۇل بالا دۈگدىيىشىپ بىر ئورام تاماكىنى تالىشىپ چېكىپ ئولتۇرۇشاتتى. موتسىكلىت ئۇلارنىڭ ئالدىدىن غۇيۇلداپ ئۆتكەندە ئۇلار سەگەك-لىشىپ باشلىرىنى كۆتۈرۈپ موتسىكلىتتا، ئالدىدىكى ئەركىشىنىڭ بېلىدىن قۇچاقلاپ، مۈرىسىگە بېشىنى قويۇپ ئولتۇرغان ياش قىزغا تىكىلىپ قاراشتى.

— ئاۋۇ قىز بالىنى كۆردۈڭلەمۇ؟ — دېدى چوڭراق بالا يېنىدىكىلەرگە قارىمايلا، — مەست بولۇپ قاپتۇ، تازا ئىچىپتۇ - دە... كىمنىڭ قىزىكىن، ئاتا - ئانىسى پاچىقىنى چاقمىسا مەيلى ئىدىغۇ...

— خەقنىڭ غېمىنى يېگۈچە ئۆزۈڭنىڭ غېمىنى يېگىنە ئاداش، — دەپ غودۇڭشىدى ئىككىنچى بالا ۋە بىر پەس جىم ئولتۇرغاندىن كېيىن، — راستىنى ئېيتسام ئاغىنىلەر، ئاشۇ كولىغا زادىلا بارغۇم يوق، نېمىشقىكىن، بىر كەتسەم ئاپامنى ئىككىنچى كۆرەلمەيدىغاندەكلا تۇيۇلۇۋاتىدۇ، — دېدى.

بالىلار جىم بولۇپ قېلىشتى.

موتىسىكلىت ئوڭغۇل - دوڭغۇل خالتا كوچىدىن چاپچىپ، يولقۇنۇپ ئوقتەك تېز ئۆتۈپ دوقمۇشتا توختىدى. ئەركىشى بىر پۇتىنى يەرگە تىرەپ تۇرۇپ يۇلتۇزنىڭ ئارقىسىدىن: «ئەمىسە، ئەتە سائەت ئىككىدە ئالغىلى كېلىمەن جۇمۇ!» دەپ توۋلىدى - دە، موتىسىكلىتنى كەينىگە بۇراپ غارقىراپ كېتىپ قالدى.

يۇلتۇز ئۆز ئۆيىنىڭ ئالدىدا ھەر قاچانقىدەك قورقۇنچ ۋە ئىككىلىنىش ئىچىدە ئۇزاق تۇردى. ئۇ ئىشىكنى چېكىشتىن قورقاتتى. ياندىكى دېرىزىدىن يولغا چۈشۈپ تۇرغان چىراغ نۇرى ئاپىسىنىڭ تېخىچە ئۇخلىماي ئولتۇرغانلىقىدىن دېرەك بېرىپ تۇراتتى. بەلكىم ئۆزىدىن ئەندىشە قىلىپ ئۇخلىمىغاندۇ...

ئۇ كېيىم تىكىش ماشىنىسىنىڭ بىر خىل شىرىلدىغان ئاۋازىغا قۇلاق سالدى. ئاپىسىنىڭ جۇدەڭگۇ چىرايىنى، ئىچ - ئىچىدىن خورسىنىشلىرىنى، كېيىم تىكىش ماشىنىسىنىڭ ئالدىدا ئولتۇرۇپ، قولىنىڭ ئارقىسى بىلەن بېلىنگە ئۇرۇپ - ئۇرۇپ قويۇشلىرىنى كۆز ئالدىغا كەلتۈرۈپ كۆڭلى بىر قىسما بولدى. ئۇرسىمۇ، تىللىسىمۇ مەيلى ئىدى، ئاشۇنداق جىم بولۇپ كەتمىسە، ئىچ - ئىچىدىن خورسىنمىسا...

كېيىم تىكىش ماشىنىسى بىر خىل ئاۋازدا شىرىلدايتتى. يېقىمسىز، ھېسسىياتسىز، زېرىكەرلىك بۇ ئاۋاز خۇددى ئاپىسىنىڭ ھاياتىغا ئوخشايتتى. شۇنچە ئاجىزدەك، ئاران - ئارانلا ئۇلىشىپ كېتىۋاتقاندەك بىلىنەتتى، ئەمما توختىمايتتى. توختىمايدىغان مۇشۇ ئاۋاز بولغاچقىلا ئۇنىڭ ئۆيىدىكىلەر قەدىر ئەھۋال كۈن ئۆتكۈزەلەيتتى، سىڭلىسى رەتلىك، چىرايلىق كىيىنەتتى، ئاچ - توق قالمايتتى، مەكتەپتە ئوقۇيالايتتى. ئەنە شۇ سەۋەبتىن ئۇ ئانىسىنى مۇقەددەس بىلەتتى، ھۆرمەتلەيتتى، ئۇنىڭغا ھېسداشلىق قىلاتتى. ئەمما ئۇ ئاپىسىغا، ئۇنىڭ كېيىم تىكىش ماشىنىسىنىڭ شىرىلدىشىغا ئوخشاپ كېتىدىغان زېرىكەرلىك ھاياتىغا ھەۋەس قىلمايتتى. ئۇ ئاتاقلىق كىنو چولپىنى، ئاتاقلىق ناخشىچى بولۇشنى، شېنجېن بىلەن ئۈرۈمچىنىڭ ئارىلىقىدا ئايروپىلان بىلەن قاتنايدىغان، چەت ئەل مېھمانخانىلىرىدا تۇرىدىغان، كۈنىگە 10 مىڭ، 100 مىڭ يۈەنلەپ سودا قىلىدىغان كاتتا سودىگەر بولۇشنى ئارزۇ قىلاتتى. ئۇ قەھۋەخانىغا كىرىپ - چىقىپ يۈرىدىغان سودىگەر بالىلارنىڭ ئاشۇنداق كىشىلەر توغرىسىدىكى پاراڭلىرىنى خۇددى يۇتۇۋاتقان ھالدا ئاڭلايتتى، ئاڭلاپ تويمايتتى. ھەر قېتىم ئەينەكتىن ئۆزىنىڭ سۈرەتتەك چىرايلىق ھۆسنى - جامالىنى كۆرگەندە بۇ ئارزۇلىرىنىڭ ئەمەلگە ئاشىدىغانلىقىغا ئىشەنچىسى ھەسسىلەپ كۈچىيەتتى. ئۇ، دۇنيادا گۈزەل قىزلارغا تىز پۈكمەيدىغان ئەركىشىنىڭ بارلىقىغا ئىشەنمەيتتى. ئۇ، بۇ دۇنيانىڭ رىقابەتكە تولغان دۇنيا ئىكەنلىكىنى، بەزىلەرنىڭ ھوقۇقى، پۇلى، ئەقىل - پاراستىگە تايانسا، يەنە بەزىلەرنىڭ قاقتى-

سوقتى، قۇۋلۇق - شوملۇقىغا، خۇشامەت، ئالدامچىلىقىغا تايىنىپ ياشايدىغانلىقىنى، ئۆزىگە ئوخشاشلارنىڭ بىردىنبىر قورالى ھۆسنى - جامال ئىكەنلىكىنى چۈشىنەتتى. ئۇ، بۇنى جەمئىيەتتىن ئۆگەندى. بۇ داۋلىلار ھېچقانداق كىتابتا يوق ئىدى. كىتابتا يېزىلغان نۇرغۇن نەرسىلەرمۇ جەمئىيەتتىكىگە، رېئاللىققا مۇتلەق ئوخشىمايتتى. قانداقلا بولۇشىدىن قەتئىينەزەر، ئۇ، كۈنلەرنىڭ بىردە ئانىسىنى ئېغىر مېھنەتتىن ئازاد قىلىدىغانلىقىغا، ئانىسى ۋە سىڭلىسىنى بەختلىك تۇرمۇشقا ئېرىشتۈرەلەيدىغانلىقىغا ئىشىنەتتى. بۇنىڭ ئۈچۈن خىرويىندىن تېزرەك قول ئۈزۈش، بىرەر ئىشنىڭ يولىغا كىرىش كېرەك ئىدى.

بىر كۈنى سىڭلىسى قۇندۇز مەكتەپتىن كېلىپ: «ساۋاقداشلىرىم مېنى ئاردىغا ئالايدىغان بولدى، ئاچاڭ بۇزۇق، خىرويىن چېكىدۇ، دېيىشىۋاتىدۇ. مەكتەپتە يۈزۈمنى كۆتۈرۈپ يۈرەلەيدىغان ئەمەن، ئوقۇمايمەن» دەپ تۇرۇۋالغان ئىدى. ئاپىسى: «جېنىم بالام، مەكتەپكە بارمىساڭ نېمە ئىش قىلىسەن؟ سەنمۇ ئاچاڭدەك بولاي دەمسەن؟» دەپ سىڭلىسىغا قوشۇلۇپ يىغلاپ كەتتى. ئانىسى بىلەن سىڭلىسىنىڭ گەپلىرى، يىغىسى قىزدىتىلغان زىختەك ئۇنىڭ يۈرىكىگە سانجىلىپلا قالدى. ئۇمۇ ئادەم. نېمىنىڭ ياخشى، نېمىنىڭ يامان، نېمىنىڭ شەرەپ، نېمىنىڭ نومۇس بولىدىغانلىقىنى پەرق ئېتەلەيدۇ. ئۇ شۇنداق مۇلايىم، تىرىشچان سىڭلىسىنىڭ دەرستە بارغانسېرى چېكىنىپ كېتىۋاتقانلىقىنى، مىجەزىنىڭ مەيۇس، جىمغۇر بولۇپ كېتىۋاتقانلىقىنى كۆرمىدى، سەزمىدى ئەمەس، كۆزلىرىدىكى نەپرەت، يىرگىنىشنى كۆرمىدى، سەزمىدى ئەمەس. بىراق، ئۇ ئادەتلىنىپ قالغان تۇرمۇش خۇددى چەكسىز سازلىققا ئوخشايدۇ. ئۇنىڭدىن قۇتۇلۇشقا ئۇرۇنۇپ تېپىرلىغانچە ئادەم شۇنچە چوڭقۇر چۆكۈشكە باشلايدۇ. ئۇ ئىلگىرى خىرويىننى نەچچە قېتىم تاشلىماقچى بولدى، ئەمما تاشلىيالمىدى. شۇنداقتىمۇ ئۇنىڭ ئىرادىسى ئۆزگەرمىدى. ئۇ، بۇ خىل ھاياتتىن قۇتۇلۇشنى شۇ قەدەر ئارزۇ قىلاتتى، ھېچبولمىغاندا ئۆز ھاياتىنى بەدىلىگە بولسىمۇ قۇتۇلۇشقا ئېرىشمەكچىدى. بۈگۈنگە قەدەر ئۇنىڭ قاراڭغۇلۇق قاپلىغان قەلب دالاسىنىڭ بىر يېرىدە كىچىككىنە يورۇقلۇق، ئاجىزغىنە بىر چىراغ پىلىلداپ تۇراتتى. بىراق، رەھىمسىز بوران-چاپقۇن چىراغنى ئۆرۈپ ئۆچۈرۈۋەتتى. ئۇنىڭ قەلبىنى قاراڭغۇلۇق قاپلىدى. ئۇ ئەخمەتنىڭ قولىغا چۈشتى. ئەخمەتنىڭ قولىدىكى قىزلاردىن قايسىبىرى ئۇنىڭدىن قۇتۇلالىغان؟ ئۇنىڭ ئاپتوموبىل، پىكاپلىرى، ئونلاپ موتسىكلىتلىرى، ياۋۇزلۇقتا ئۇچىغا چىققان چاپارمەنلىرى بار. قېچىپ قۇتۇلماقچى بولغان قىزلارنى ئاسماننىڭ قەرىدىن بولسىمۇ تۇتۇپ كېلەلەيدۇ. ئاتا - ئانىلىرى ئۆيىگە، كەملەرگە سولاپ قويغان قىزلارمۇ ئۇلارنىڭ ئالقىنىدىن قېچىپ قۇتۇلالمايدۇ. ئىلگىرى بەزى قىزلار قارشىلىق قىلىپمۇ كۆرسەتكەن، ساقچىلارغا مەلۇم قىلىپمۇ باققان. ئەمما نەق جىنايى پاكىتى يېتەرلىك بولمىغىنى، ھەممىدىن ئەخمەتلەرنىڭ يۆلەنچۈكى كۈچلۈك بولغىنى ئۈچۈن، ئۇلارنى ھېچنەرسە قىلالمىغان. يۇلتۇز ئۇلارغا قانداقمۇ تاقابىل تۇرالىسۇن؟

تۈنۈگۈن يۇلتۇزنىڭ «يىگىتى» يالقۇن ئىچكىرىدىكە ماڭماقچى ئىكەنلىكىنى، ئۇ يەردە بىر نەچچە يىل تۇرۇپ قالىدىغانلىقىنى ئېيتىپ يۇلتۇز بىلەن خوشلاشتى ھەمدە ئايرىلىش سوۋغىسى سۈپىتىدە ئۇنىڭغا بىر ئېسىل كۆڭلەك سوۋغا قىلدى. بۇ ھەر قانداق قىز كىيىشنى ئارزۇ قىلىدىغان كۆڭلەك ئىدى. جەنۇبىي چاۋشيەندە ئىشلەنگەن بۇ كۆڭلەك شەھەردىكى ئەڭ كاتتا كىيىم - كېچەك

ماگىزىنىدا بىر نەچچە ئاي ئىسقىلىق تۇردى. ئۇنى كۆرگەن قىز - چوكانلارنىڭ كۆزلىرىدىن ئوت چىقىپ كېتىشەتتى، تەردىپىنى ئاڭلىغانلار ئاتايىتەن كۆرگىلى كېلەتتى، بىراق، باھاسىغا قاراپ تاتارغىنىچە تۇرۇپ قېلىشاتتى. كېتىشكە قىيماي ئۇنىڭ ئەتراپىدا سائەتلەپ چۆرگىلەپ يۈرۈشەتتى. ئاشۇ كۆڭلەك ئاخىرى يۇلتۇزنىڭ قولىغا چۈشتى. كەچتە ئۇ، بۇ كۆڭلەكنى كىيىپ، نىگار، زۇلپىيە، ئانارلارنىڭ كۆزىدىن ئوت چاقنارماقچى، پەقەت مۇشۇ بىر قېتىم، ئاخىرقى بىرلا قېتىم ئۆزىنى ئۇلارغا راسا بىر كۆرسىتىۋالماقچى بولدى.

ئۇ، كۆڭلىكىنىڭ يەرگە تېگەي - تېگەي دەپ تۇرىدىغان ئېتىكىنى بىر قولى بىلەن سەلگىنە كۆتۈرۈپ قەھۋە خانىغا كىرىپ كەلگەندە، غۇۋا چىراغ ئاستىدىكى لۆم - لۆم ئورۇندۇقلاردا جۈپ - جۈپ بولۇپ ئولتۇرۇشقانلارنىڭ ھەممىسى دېگۈدەك باشلىرىنى بۇراپ ئۇنىڭغا قاراشتى. ئەرلەر كۆزلىرىدە، ئىچىملىكتىن قىزارغان چىرايلىرىدا ئەكس ئەتكەن ئاشكارا شالاق ھەۋەس بىلەن ئۇنىڭ يالىڭاچ بىلەكلىرىگە، بويۇنلىرىغا، چىڭ قىسىلغان بىر تۇتام بېلى بىلەن ئېگىز كۆتۈرۈلگەن كۆكسىگە ئاچكۆزلەرچە تىكىلىشتى. قىزلارنىڭ كۆزلىرىنى يوغان ئېچىپ، ئەندىككەندەك ئوغرىلىقچە قاراشلىرىدىن ئۇلارنىڭ ۋۇجۇدىنى ياندۇرۇۋاتقان كۆرەلمەسلىك ۋە ھەۋەسنى كۆرۈۋالماق تەس ئەمەس ئىدى. يۇلتۇز ئاشۇ كۆزلەردىن، ئاشۇ ئىپادىلەردىن ئۆز غەلىبىسىنى كۆردى. بۇ، يۇلتۇز ئۈچۈن ئىنتايىن مۇھىم ئىدى. ئۇ ئەتەي كىيىم - كېچەك مودىلىرىنى دوراپ بېلى ۋە ساغرىسىنى ئەركىن تولغاپ تۆردىكى بوش ئورۇنغا قاراپ ماڭدى. ئۇنىڭ كۆزى ئۈزۈن، ئىنچىكە پۇتلىرىنى ئالماپ، ئاغزىدىن ھالقا - ھالقا تاماكا ئىسى چىقىرىپ ئولتۇرغان نىگارغا چۈشتى. ئۇنىڭ يۇلتۇزغا قىيا باققان كۆزلىرىدە، نېپىز لەۋلىرىنىڭ بۇرجەكلىرىدە ھېچقاچان يوقالمايدىغان ئۈستۈنلۈك ۋە بىلىنەر - بىلىنمەس مەسخىرە ئىپادىلىنىپ تۇراتتى. ئۇنىڭ كۈلۈمسىرەشلىرى گويا ئۇنىڭغا ھەر قاچانقىدەك: «سەن نېمىنى بىلەتتىڭ، ئالدىرىما، سەن كۆرىدىغان نى - نى ئىشلار بار تېخى» دەۋاتقاندەك تۇيۇلاتتى. يۇلتۇز كۆزلىرىنى ئىتتىك ئۇنىڭدىن يۆتكىدى. تۆردە ئالمىيە يالغۇز ئولتۇراتتى. ئۇ ئالدىغىلا كېلىپ قالغان يۇلتۇزنى تونۇمىغاندەك بىر پەس ھاڭۋېقىپ قالدى، ئارقىدىنلا ھەيران قالغانلىقىنى ئىپادىلەپ كۆزلىرىنى يوغان ئېچىپ، قاشلىرىنى سەكرەتتى، قىپقىزىل بويالغان گۆشلۈك لەۋلىرىنى پۈرۈپ بوشقىنە ئىسقىرتىۋەتتى. ئۇ سارغۇچ چېچىنى ئوغۇل بالىچە ياسىتىپ، ئوغۇل بالىچە كۆڭلەك، پادىچى ئىشتىنى كىيىپ يۈرەتتى. بۇ خىل كىيىنىش ئۇنىڭ مەجەزىگە ۋە تەققى - تۇرقىغا بەكمۇ ياراشاتتى.

ئۇلار خۇشال - خۇرام سالاملىشىۋاتتى، ئېيىق تاپىنىدەك يوغان بىر قول يۇلتۇزنىڭ مۈرىسىنى ئارقا تەرەپتىن قامالاپ تۇتتى، يەنە بىر قول ئۇنى ئىڭىكىدىن تۇتۇپ ئارقىسىغا قايرىدى:

— ھە، بۇلبۇل، ئەھۋال قانداق؟

ھەددى - ھېسابسىز ئىچكىلىك، كەيپ - ساپادىن دېرەك بېرىپ تۇرىدىغان ئىششىق، خۇنۇك چىراي، قان تولغان ئېلىشاڭغۇ كۆزلەر يۇلتۇزنىڭ كۆز ئالدىنى توستى. دىمىقىغا ئۇنىڭ ساقال باسقان، لەھەڭنىڭكىدەك ئاستىنقى كالپۇكى قىسقا ئاغزىنىڭ سېسىق پۇراقلىرى ئۇرۇلدى.

مۈرىسىنىڭ ئاغرىشىدىن، قورقۇنچتىن يۇلتۇزنىڭ تىلى كالۋالاشتى:

— ئەخمەت ئاكا ... خۇش بولۇپ كېتەي،

مېنى ... مېنى قويۇۋېتەلەك ...

— قويۇۋېتەمسەنمۇ؟ ئاران تۇتقاندا شۇنداق ئاسان قويۇۋېتىدىغان گەپمىكەن؟ ھا-ھا-ھا ...

ئەخمەت قاقاقلاپ كۈلگەچ يۇلتۇزنى مۇردىسى بىلەن ئورۇندۇقنىڭ ئىچكىرىسىگە قىستىدى. بايىدىن بېرى بىر چەتتە ھىجىيىپ تۇرغان چېقىر كۆز، پاكار - دوغىلاق يىگىتنى يۇلتۇزنىڭ يېنىغا ئولتۇرغۇزۇپ، ئۆزى ئۇلارنىڭ ئالدىدىكى ئورۇنغا ئۆتتى.

ئەخمەت مۇشۇ قەھۋەخانىنىڭ خوجايىنى ئىدى. ئاڭلاشلارچە، ئۇنىڭ يېقىن بىر تۇغقىنى قانداقتۇ بىر چوڭ ئورۇندا ئىشلەيدىغان مۇھىم ئەربابمىش. چېقىر كۆزنىڭ ئاشۇ مۇھىم ئەربابنىڭ بالىسى ئىكەنلىكىنى قەھۋەخانىدىكىلەرنىڭ ھەممىسى بىلەتتى. ئۇ قەھۋەخانىغا پات - پات كېلەتتى. بۇ يەردە ئۆز ئۆيىدەك ئەركىن يۈرەتتى، پوكەيدىكى ياكى ئىچكىرىدىكى ئىشكاپتىن خالىغان ھاراقنى ئېلىپ ئىچەتتى، خوشى تۇتۇپ قالسا قىزلارنى چەت ئەلنىڭ بىر رومكىسى 80 يۈەنلىك ساپ ئۈزۈم ھارىقى بىلەن مېھمان قىلاتتى. بىر قېتىم ئۇ، لىق بىر رومكا فرانسىيە براندىسىنى بىر قىزنىڭ باش - كۆزىگە تۆكۈۋەتكەن ئىدى.

— يۇلتۇز، بۇ ياقنى تونۇيسىز، بىزنىڭ ئىنى بولىدۇ، بۇنىڭدىن كېيىن ئۇنىڭ خىزمىتىدە بولىسىز. مەن سىزگە ئوچۇقىنى ئېيتىپ قوياي، ئىنىم سىزگە كۆڭلى بارلىقىنى ئېيتىپ سالدى، بولمىسا ... نى - نى قىزلار بار جۇمۇ! ئەگەر دېگەن يېرىدىن چىقماي، كۆڭلىنى رەنجىتىپ قويىدىغان بولسىڭىز، مېنى بىلمىسىزغۇ؟ - دېدى ئەخمەت تەھدىت سالغان ئاھاڭدا.

يۇلتۇز چاچراپ ئورنىدىن تۇرۇپ كەتتى:

— ئەخمەت ئاكا، بىلمىشىمچە، ئىككىمىزنىڭ ھېچقانداق ئېلىش - بېرىشى يوقتىغۇ دەيمەن، ئوچۇقىنى ئېيتسام، بۇنىڭدىن كېيىنمۇ بولمايدۇ. ئەمدى بىرەر ئىشنىڭ يولىنى تۇتۇپ ...

— بىر بىلەن بولمىسا، يالقۇن بىلەن بولغىيدى؟ - ئەخمەت زەھەرلىك كۈلۈپ ئۇنىڭ سۆزىنى بۆلۈۋەتتى، - ساۋادىڭىز بارغۇ دەيمەن؟

ئۇ يانچۇقىدىن بىر پارچە قەغەزنى چىقىرىپ يۇلتۇزنىڭ ئالدىغا تاشلىدى. يۇلتۇز قەغەزدىكى يالقۇننىڭ پۆچۈركىسىنى تونۇپ خەتنى ئىتتىك قولىغا ئالدى. ئۇنىڭدىكى تۆت قۇرلا كېلىدىغان خەتنىڭ مەزمۇنى مۇنداق ئىدى: «بىر يىلدىن بېرى يۇلتۇز بىلەن قەھۋەخانىدا ئىچكەن ھاراق، چەككەن تاماكا (ئاق) نىڭ 12 مىڭ يۈەنلىك ھەققىنى تۆلەشكە قۇربىتىم يەتمىگەنلىكى ئۈچۈن، توي قىلىشقا پۈتۈشكەن لايىقىم يۇلتۇزنى ئەخمەتكە ئۆز ئىختىيارلىقىم بىلەن ئۆتكۈنۈپ بەردىم ...» ئۇنىڭغا قەغەزدىكى قىڭغىر - قىيسىق خەتلەر سەكرىشىپ يۈرگەندەك، ئۆزىگە قاراپ ھىجىيىپ، تىللىرىنى چىقىرىۋاتقاندەك بىلىندى، كۆزلىرى ئېمىر - جىمىر بولۇپ بېشى ئايلانغاندەك بولدى. ئۇ، خەتتىكى سۆزلەرنىڭ مەنىسىنى ناھايىتى تەستە چۈشەندى. چۈشەنگەندە تېخىمۇ گاڭگىراپ قالدى. ئۇ يالقۇنغا ئانچە ئىشەنمىسىمۇ، ئۇنىڭ مۇنداق قىلىشىنى زادىلا خىيالىغا كەلتۈرمىگەن ئىدى.

— يالقۇن خاتالىشىپتۇ، ئۇ مېنى پۇلغا ساتالمايدۇ. بۇ پۇلنىڭ ئۆزۈمگە تېگىشلىكىنى مەن تۆلەيمەن، چوقۇم تۆلىۋېتىمەن! ئەخمەت ئاكا، مېنى ئۆتكىلى قويۇڭلار ...

ئەخمەتنىڭ چىرايى بىردىنلا ئۆزگىرىپ دەھشەتلىك تۇس ئالدى، قولىنى سۇنۇپ يۇلتۇزنىڭ گەجگىسىدىن قامالىدى:

— ئولتۇرەۋا!، ئىززىتىڭنى بىلمەيدىغان رەسۋا! بۇ يەردىن چىقىپ كېتىمەن دېسەڭ

ئالدى بىلەن ماۋۇ ئۇچاڭدىكى كۆڭلەكنى سال! ئۆزۈڭچە تېخى مۇشۇ قىممەت كۆڭلەكنى يالقۇن سوۋغا قىلدى، دەپ يۈرەمسەن؟ سال كۆڭلەكنى، قىپيالىڭاچ بولۇپ چىقىپ كەت!

ئەتراپتىكىلەر باشلىرىنى سوزۇشۇپ يۇلتۇزغا قاراشتى، ئۆزلىرىچە بىر نېمىلەرنى دېيىشىپ كۇسۇرلىشىپ كېتىشتى. پەقەت نىگارلا ھېچ ئىش بولمىغاندەك، ئۇزۇن، چىرايلىق پاچاقلىرىنى كۆز-كۆز قىلىپ، ھالقا-ھالقا تاماكا ئىسى ئىچىدە كۆزلىرىنى خۇمارلاشتۇرۇپ ئولتۇراتتى.

يۇلتۇز ئۇلارنىڭ ھېچقايسىسىنى كۆرمىدى. ئۇ ئۆلۈكتەك ئاپپاق بولۇپ تاتىرىپ، خۇدىنى يوقاتقان ھالدا ئۇزاق ئولتۇردى. «تۈگىدى، مەن تۈگەشتىم، تۈگىدى ... بەرى تۈگىدى» ئۇنىڭ شاماللار ھۇۋلاپ تۇرغان چۆل-جەزىرىگە ئوخشاپ قالغان كۆڭۈل ئېكرانىدا ئاشۇ سۆزلەرلا قالدى.

ئۇ بىر نەچچە سائەت ئەنە شۇ ھالدا ئولتۇردى. ئارقىدىن ھاراق ئىچىشكە باشلىدى. يوغان رومكىغا مەھكەم يېپىشىپ، چىشلىرىنى گىرىسلىتىپ، ھاراقنى جاۋغايلىرىدىن ئاققۇزۇپ، ئىچەلمىگۈدەك ھالغا كەلگىچە ئىچتى. ئارقىدىن بېشىنى شىرەگە قويۇپ بوغۇق ئاۋازدا ناخشا ئېيتىشقا باشلىدى. ناخشىسى نەچچە ئۈزۈلۈپ، نەچچە ئۇلىنىپ ئېچىنىشلىق يىغىغا ئۆزگەردى، يىغا يەنە ناخشىغا ئۆزگەردى. چېقىر كۆز ئۇنى يۆلەپ ئىككىنچى قەۋەتكە ئېلىپ چىقىپ كېتىۋاتقاندىمۇ ئۇنىڭ يا ناخشىغا، يا يىغىغا ئوخشىمايدىغان ناخشىسى توختىمىدى.

* * *

يۇلتۇز ئىشىكنىڭ يېنىدىكى كۆتەككە كېلىپ ئولتۇردى. قانچە ۋاقىتلار بوپتۇ ئۇ بۇ يەردە ئولتۇرۇپ باقمىغىلى. قوشنىلار ئۇنىڭغا چىراي ئاچمايدۇ، ئانىسى بىلەن سىڭلىسى ئۇنىڭدىن نومۇس قىلىدۇ. ئىلگىرىكى دوستلىرى ئۇنىڭدىن خۇددى ۋابادىن قاچقاندەك قاچىدۇ. بۇ دۇنيادا ياشاش نەقەدەر قىيىن - ھە! ھايات خۇددى ئوغا سېلىنغان بىر قەدەھ مەيگە ئوخشايدىكەن، ئۇنى ئاستا - ئاستا ئىچىشكە مەجبۇر بولىدىكەنسەن، ئىچمەي قۇتۇلالمايدىكەنسەن. بۇنداق ياشىغاندىن ئۆلۈپ كەتكەن، تاش - تۇپراققا ئايلىنىپ كەتكىنىمۇ ياخشى ئەمەسمۇ. ئۇ، بۇ دۇنيادا يەنە نېمىگە، كىمگە تارتىدۇ؟ قاچانغىچە ئاشۇ كۆرگىلى، تۇتقىلى بولماس ئۈمىد بىلەن ئۆزىنى ئاۋۇندۇرۇپ يۈرىدۇ؟

يۇلتۇز ئورنىدىن تۇردى. ئۆيى تەرەپكە قاراپ - قاراپ قويۇپ، ئىككىلەنگەن ھالەتتە چوڭ كوچا تەرەپكە قاراپ ماڭدى. قەدىمى بارغانسېرى تېزلەشتى.

ئۇ، دەريانىڭ شاۋقۇنىنى - بورانىنىڭ گۈلدۈرلىشىدەك بوغۇق گۈرۈلدىشىنى يىراقتىنلا ئاڭلىدى. ھازىر دەريا سۈيىنىڭ تازا ئۇلغايغان پەيتى. ئۇنىڭ ئۈستىگە بۇ كېچىدە ئۇنى ھېچكىم كۆرمەيدۇ. ماۋۇ قويۇق تاللىق، قاتمۇ - قات دەل - دەرەخلەر ئۇنى يوشۇرۇپ تۇرىدۇ. قىرغاقنىڭ كىچىككىنە بىر يېرى گۈمۈرۈلگەندەك شالاقىدە قىلىپ قالىدۇ - دە، ھەممە ئىش تامام بولىدۇ. شىددەت بىلەن ئېقىۋاتقان ئۇلۇغ سۇغا قاراپ ئۇنىڭ دىمى تۇتۇلغاندەك، بېشى قايغاندەك بولدى. يۈرىكىنى توختىتىۋالماقچى بولۇپ ئاستا قىرغاق بويلاپ مېڭىشقا باشلىدى. چوڭ كۆۋرۈك يېقىنلا يەردە ئىدى، كېچە قاراڭغۇلۇقىدا مەرمەردەك ئاپپاق، غايەت زور ۋە ھەيۋەتلىك كۆرۈنەتتى. كۆۋرۈك ئۈستى ئۇنىڭ ياخشى كۆرىدىغان يېرىدۇ، ھاياتىنىڭ ئاخىرقى مىنۇتلىرىدا كېچىنىڭ غۇر - غۇر شامىلىغا يۈزلىنىپ ئۇنىڭ ئۈستىدە بىردەم مېڭىۋالسا بولماسمۇ؟

ئۇ، كۆۋرۈكنىڭ سېمونت سالاسۇنىغا يۆلىنىپ تۇردى. كۆكتە ئاي ئۈزۈپ يۈرەتتى، ئۇ خۇددى ئوتتۇردىن ئۇشتۇلغان نانغا ئوخشايتتى. ئەتراپىدا يۇلتۇزلار چاقنايتتى. پەستە دەريا شارقىرايتتى، غەزەپكە كەلگەن مەڭگۈ چارچىمايدىغان غەلىتە مەخلۇقتەك بوغۇلاتتى، چايقىلاتتى، مۇشۇنداق زور، پۇختا كۆۋرۈكنى تەگ ـ تېگىدىن زىلزىلىگە سېلىپ تىترىتەتتى.

ئۇ خۇددى دوستلىرى بىلەن قول تۇتۇشۇپ سەيلە قىلىپ يۈرگەن ۋاقىتلىرىدىكىدەك ئاستا مېڭىشقا باشلىدى. شامال ئۇنىڭ چاچلىرىنى ئۇچۇراتتى، كۆڭلىكىنىڭ ئېتەكلىرىنى كۈنلۈكتەك كۆپتۈرەتتى، ۋۇجۇدىنى سالقىن، راھەتبەخش قاناتلىرى بىلەن سىلاپ چەكسىز ھوزۇرلاندۇراتتى. ھاياتنىڭ مۇنداق پەيتلىرى نەقەدەر گۈزەل، شۇنداقلا نەقەدەر قىسقا ـ ھە.

ئۇ ئالدى تەرەپتە بىرسىنىڭ قارىسىنى كۆرۈپ چىپپىدە توختاپ قالدى. قارىغاندا، بۇ دۇنيادىكى دەردمەن يالغۇز ئۇلا بولمىسا كېرەك. ئۇ بىر ئەر كىشىدەك قىلاتتى. جەينەكلىرىنى كۆۋرۈك سالاسۇنىغا تىرەپ، شارقىراپ ئېقىۋاتقان دەرياسۇيىغا تىكىلىپ قاراپ تۇراتتى. پۈتۈن تۇرقىدىن چوڭقۇر دەرد ـ ئەلەم چىقىپ تۇراتتى. ئۇ بىردەم رۇسلىنىپ، ئارقىدىن دەرياغا ئېڭىشتى، بېشى، مۈرىسى كۆزۈنەي قالدى، پۇتى يەردىن كۆتۈرۈلدى ...

ـ ھاي، ئۇنداق قىلماڭ! توختاپ تۇرۇڭ، بىر گەپ بار، توختاڭ!

يۇلتۇز ئۆزىنىڭ ئۇنىڭ يېنىغا قانداق يۈگۈرۈپ بارغانلىقىنى، قانداقلارچە ئۇنىڭ قولىغا مەھكەم ئېسىلىۋالغىنىنى بىلمەي قالدى. خۇددى بىر كۈنلۈك يولدىن يۈگۈرۈپ كەلگەندەك ھاسىرايتتى:

ـ ھەر قانچە ... ھەر قانچە ئىش بولسىمۇ ...

ئەر كىشى كەينىگە بۇرۇلدى. ئۇنىڭ چىرايى خاتىرجەم ئىدى. يۇلتۇزغا تىكىلگەن كۆزلىرىدىن گاڭگىراش، تەئەججۇپ چىقىپ تۇراتتى. سەل ئۆتۈپ گاڭگىراش كۈلۈمسىرەشكە ئۆزگەردى، كۆزلىرىدە شوخ، ئۆتكۈر ئۇچقۇنلار چاقناپ كەتتى.

ـ ھە ... مەن تېخى سىزنى ... سىزنى دەرياغا ئۆزىنى ئېتىۋالماقچى ئوخشايدۇ، دەپ ئويلاپتىمەن ... ئۇھ، خۇداغا شۈكرى.

يۇلتۇز قولىنى تېخىچە ئىزىغا چۈشمىگەن يۈرىكى ئۈستىگە قويۇپ چوڭقۇر ـ چوڭقۇر تىندى. ئۆلۈكنىڭكىدەك ئىپادىسىز چىرايىدا بىلىنەر ـ بىلىنمەس خۇشاللىق ئەكس ئەتتى.

ـ خاتىرجەم بولۇڭ، مەن ئۆلۈۋالماقچى بولسام، ھەرگىز ئۆزۈمنى سۇغا ئاتمايمەن، چۈنكى مەن سۇ ئۈزۈشكە ئۇستا، ـ ئەر كىشى يۇلتۇزغا قاراپ قىزىقچىلىق بىلەن كۈلدى.

ئۇ 23 ـ 24 ياشلاردىكى قويۇق قاشلىق، ئېلىق چىراي يىگىت ئىدى. ئۇ يۇلتۇزغا تونۇشتەك بىلىندى. ئەمما ئۇ نەدە كۆرگەنلىكىنى ئېسىگە ئالالمىدى. يىگىتمۇ يۇلتۇزغا سىنچىلاپ قارايتتى. يەرگىچە سۆرۈلۈپ تۇرىدىغان مودا كۆڭلەك كىيگەن، يۈزىدىكى گىرىملىرى سۇۋۇشۇپ كەتكەن، چاچلىرى چۇۋۇق، جۇدەڭگۈ بۇ قىزنى قەيەردە كۆرگەندىمەن، دەپ ھەيران بولاتتى.

ـ ۋۇي، سىز ھېلىقى ... ئېسىڭىزدىمۇ؟ سىز 3 ـ ئوتتۇردا ئوقۇيتتىڭىز ... ھەر كۈنى ئۇچرىشىپ قالاتتۇق ...؟

يىگىتنىڭ كۆزلىرىدە ھەيرانلىق ھەم شادلىق ئەكس ئەتتى. ئۇ ھاياجاندىن دۇدۇقلاپ كەتتى. ئۇنىڭ ئاشۇ چاقناپ تۇرغان كۆزلىرى يۇلتۇزنىڭ ئېسىگە ناھايىتى يىراقتا قالغان پاك ھەم گۈزەل ئەسلىمىلەرنى كەلتۈردى.

ـ ھە، راست ... سىزكەنسىز ـ دە؟ سىز...! ـ ئوتتۇردا ئوقۇيتتىڭىزغۇ؟ ... داۋاملىق

ئۆزىڭىزگە چوڭ كېلىدىغان خورمىرەڭ كاستۇم كىيىپ يۈرەتتىڭىز ...

— سىزنىڭ بىر بەتىنىڭىز بارتى، كوچىنىڭ نېرىسىدىن قارىغىنىزنى كۆرمەي تۇرۇپلا غاچىلدىغان ئاۋازىنى ئاڭلايتتۇق ...

— ئاشۇ ئاۋازنى يوقىتىمەن دەپ نەدە پاتقاق، نەدە يامغۇر سۈيى بولسا كېچىپ ماڭاتتىم، بىراق ئايىغىم قۇرۇغاندا ئاۋازى تېخىمۇ كۈچىيىپ كېتەتتى ...

يىگىت قاقاقلاپ كۈلدى. يۇلتۇزمۇ كۈلۈمسىرىدى.

شۇنداق، ئۇلار ھەر كۈنى نەچچە قېتىم ئۇچرىشاتتى، ئەمما ئەزەلدىن پاراڭلىشىپ باقمىغان ئىدى. يۇلتۇز ئۇنىڭ ئىسمى ئەنۋەر ئىكەنلىكىنى، 1 - ئوتتۇرا مەكتەپنىڭ يۇقىرى يىللىقىدا ئوقۇيدىغانلىقىنى بىلەتتى. ئەنۋەرمۇ بەلكىم ئۇنى سۈرۈشتۈرۈپ باققان بولغىيدى. ئۇلار ئەزەلدىن پاراڭلاشمىغان ئىدى، شۇنداقلا قارىشىپ قوياتتى.

يۇلتۇزنىڭ ئۆيى 1 - ئوتتۇرىغا يېقىن ئىدىيۇ، 3 - ئوتتۇرىدا ئوقۇيتتى، ئەنۋەرنىڭ ئۆيى 3 - ئوتتۇرىغا يېقىن ئىدىيۇ، 1 - ئوتتۇرىدا ئوقۇيتتى. ئاخىرى بىر كۈنى يۇلتۇز ئاتا - ئانىسىنى قايىل قىلىپ 1 - ئوتتۇرىغا ئالماشتى. ئۇنىڭ كۆڭلىدە يوشۇرۇن بىر خۇشاللىقى بار ئىدى. بىراق تۇنجى كۈنى مەكتەپنىڭ ئىلمىي مۇدىرى ئۇنىڭغا:

— تۈنۈگۈن بىزنىڭ مەكتەپتىن بىر ئوقۇغۇچى 3 - ئوتتۇرا مەكتەپكە يۆتكىلىپ كەتكەن ئىدى، بۈگۈن ئۇنىڭ ئورنىغا سىز كەلدىڭىز، ئۇنىڭ ئىسمى ئەنۋەر ئىدى، ئۇ ئەلاچى ئوقۇغۇچى ئىدى،— دېگەندە ئۇنىڭ كۆڭلىدىكى خۇشاللىق ئاللىقاياقلارغا ئۇچۇپ كەتكەن، مەكتەپمۇ ئۇنىڭ كۆزىگە بىردىنلا چۆللىشىپ كەتكەندەك كۆرۈنگەن ئىدى.

ئەنە شۇنىڭدىن كېيىن ئۇلار ئۇچراشمىدى. بىراق، ئۇ ھەر قېتىم كەلگۈسى ھەققىدە، بەختلىك ئائىلە قۇرۇش توغرىسىدا ئۆزىچە شېرىن خىياللارغا چۆمگەندە، ئۆزىگە چوڭ كېلىدىغان خورمىرەڭ كاستۇم كىيىۋالغان ئاشۇ چوڭ سۈپەت بالا ئۇنىڭ كۆز ئالدىدا غىل - پال گەۋدىلەنگەندەك بولاتتى.

— مۇشۇنداق كېچىدە قانداقلارچە ئۆزىڭىز يالغۇز بۇ يەرگە كەلدىڭىز؟

ئەنۋەرنىڭ كۆزلىرى تۇمانلاشقاندەك بولدى، ئاۋازىدىن گۇمان، ياتسىراش سېزىلىپ تۇراتتى.

— قانداقلارچە بولاتتى، بەك ئاددىي. بۈگۈن بۇ يەرنى سىز ئىگىلىۋالمىغان بولسىڭىز... مەن بەلكىم...

نېمىشقىدۇر يۇلتۇزنىڭ كۆڭلىدىكى ھەممە گەپلىرىنى ئۇنىڭغا تۆكۈۋالغۇسى كەلدى. ئۇ ئەنۋەرگە قارىماي سۆزىنى داۋاملاشتۇردى:

— بىراق، مۇمكىن بولمىدى. تەقدىر بۈگۈن بۇ يەردە ئىككىمىزنى ئۇچراشتۇردى. مەن سىزنى ئۆزىنى سۇغا ئېتىۋالماقچى دەپ قورققان ئاشۇ مىنۇتتا ھاياتتىن ئاسانلىقچە ۋاز كېچىشكە بولمايدىغانلىقىنى بىردىنلا تونۇپ يەتتىم. مەن سىزگە: توختاڭ، ھايات ئادەمگە ئىككىنچى قېتىم نېسىپ بولمايدۇ، ئۆلۈم ئاسانلا ئىش، قاچانلا بولسا ئۆلەلەيسىز، دېمەكچى ئىدىم... قىزىق ئىش، سىزنى قۇتقۇزماقچى بولغان ئىدىم، ئەمەلىيەتتە سىز مېنى قۇتقۇزدىڭىز.

— راستىمۇ؟ راستىنلا شۇنداق بولسا، مەن ئۆزۈمدىن ئىنتايىن خۇرسەنمەن جۇمۇ. بىراق ... بىراق سىزدەپ بېقىڭا، زادى نېمە ئۈچۈن؟

— بولدىلا، سورىماڭ...

— ياق، زادى بىر دەپ بېقىڭا، سىزدەك بىر قىزنى ھاياتتىن بىزدۇرگۇدەك قانچىلىك ئىش كەتكەن ئۇ؟

—سىز مېنى چۈشەنمەيسىز... چۈشىنىشىڭىزمۇ مۇمكىن ئەمەس، چۈنكى سىز بىزگە ئوخشىمايسىز. بىراق... كۆز ئالدىڭىزغا كەلتۈرۈپ بېقىڭ، يولدىن چىققان، هاراقنى سۇدەك ئىچىدىغان، خىروينى چېكىشكە خۇمار بولۇپ كەتكەن... قۇتقۇزۇۋېلىش مۇمكىن بولمايدىغان قىز بالىنىڭ داۋاملىق ياشىشىنىڭ بۇ دۇنياغا نېمە پايدىسى بولسۇن؟

—مېنىڭ بىر ئىنىم بار... ئىككى ئاي بولدى ئۆيدىن چىقىپ كەتكىلى. ئۆزىدىن چوڭ باللار بىلەن ئارىلىشىپ قېلىپ، خىروين چېكىشنى ئۆگىنىۋاپتۇ. كېيىنچە، ئۆيدىن ئۇنى-بۇنى ئېپچىقىپ كېتىدىغان بولۇپ قالدى، ئۇقساق ھەممىنى سېتىپ پۇلغا خىروين ئېلىپ چېكىدىكەن. تەربىيە بېرىپ باقتۇق، قورقىتىپ باقتۇق، ئۆيگە سولاپ قويۇپ باقتۇق... ئاخىرى بىر قېچىپ كەتكەنچە يوق بولدى. ئاڭلىساق، كوچىدا ئوغرىلىق قىلىدىكەن، تاپقان پۇلغا ئاشۇنى ئېلىپ چېكىدىكەن... يېقىندا ئۇقۇشۇمچە، بىر نەچچە ئاغىنىسى بىلەن ئىچكىرىدىكە ماڭماقچى بولۇۋېتىپتۇ، شۇڭا ئۇچرىتىپ قالسام ئەجەب ئەمەس، دەپ بۇ يەرلەرنى ئىزدەپ يۈرىمەن. شۇنداق ياخشى ئوقۇۋاتاتتى، ئەمدىلا 13 ياشقا كىرگەنتى دەڭا...

كېچىنىڭ مۇزدەك سوغۇق غۇر-غۇر شامىلى يۈلتۇزنىڭ سۆڭەك-سۆڭەكلىرىدىن ئۆتۈپ كېتىۋاتاتتى. ئۇ دۈگدەيدى. گېلىغا بىر نەرسە تۇرۇپ قالغاندەك بولۇپ يىغلىغۇسى كەلدى.

ئەنۋەر سۆزىنى داۋاملاشتۇردى:

—سىلەردە نېمە گۇناھ؟ سەزدۇرۇپ- سەزدۇرمەي چەكتۈرۈپ قويىدۇ. دەسلەپتە ئويۇندەك، قىزىقچىلىقتەك بىلىنىدۇ. كېيىن... ئۆزۈڭلەرگە ئىگە بولالماي قالىسىلەر، يولدىن چىقىپ كېتىسىلەر... ئاشۇنى ساتىدىغان، باشقىلارغا چېكىشنى ئۆگىتىدىغانلارنى قاتتىق جازالاش، قىلچە رەھىم قىلماسلىق كېرەك ئىدى، چۈنكى ئۇلارنىڭ زىيانغا ئۇچرىتىۋاتقىنى بىر-ئىككى ئادەم ئەمەس، پۈتۈن بىر ئەۋلاد...

يۈلتۇزنىڭ كۆز ئالدىغا قەھۋەخانىغا پات-پات كېلىپ تۇرىدىغان، قانداقتۇر گۇمانلىق يوللار بىلەن تاپقان پۇللىرىغا ئەخمەتتىن خىروين سېتىۋېلىپ چېكىدىغان كىچىك-كىچىك ئوغۇل باللار كەلدى. كىم بىلىدۇ، ئاشۇلارنىڭ ئىچىدە ئەنۋەرنىڭ ئۇكىسىمۇ بارمۇتېخى.

ئۇلار قىسقا ياز كېچىسىنىڭ قانداق چىقىپ كېتىۋاتقىنىنى سەزمەي قېلىشتى، بۇ چاغدا ئاسماننىڭ شەرقى قاشتېشىدەك سۇزۇلۇشقا باشلىغان ئىدى. يىراق ئۇپۇقنىڭ ئارقىسىدا يۈز بېرىۋاتقان ئۇلۇغ بىر ھەرىكەتنىڭ شەپىسى سۈپىتىدە شەپەق ئاسمان بېتىنى، بۇلۇتلارنى، دەريا يۈزىنى قىزارتقان ئىدى. ھايال ئۆتمەي قۇياش ئۇلۇغۋارلىقى بىلەن ئاستا-ئاستا كۆتۈرۈلۈشكە باشلىدى. ئۇلارنىڭ كۆز ئالدىدا سۈرەتتەك چىرايلىق مەنزىرە ئايان بولدى. ئەگرى-بۈگرى بولۇپ يىراقلارغا سوزۇلغان دەريا سۈيى گويا تىللا ئېرىتمىسىدەك جىمىرلايتتى. ئۇنىڭ ئىككى قىرغىقىدىكى قۇياش نۇرى تۆكۈلۈپ تۇرغان تاللىقلاردا قۇشلار سايرىشاتتى، كۆزيەتكۈسىز چاتقاللىقلاردىكى ياۋا گۈللەر ھەر قاچانقىدىنمۇ كۆپرەك ئېچىلىپ كېتىشكەن ئىدى.

* * *

چوڭلارنىڭ ئاغزىدىن تالاي قېتىم ئاڭلىغان دوزاخ مۇشۇمىكىنە؟ ئۇ قىلغان گۇناھلىرى ئۈچۈن تىرىك تۇرۇپ دوزاخ ئازابى تارتىۋاتامدىكىنە؟ ئەشۇ كۈنى ئەنۋەر دەريا بويىدىن ئۇنى ئۆيىگە ئەكېلىپ قويغاندىن قارتىپ 15 كۈن بولدى، ئاغزىغا سۇدىن باشقا بىر نەرسە ئالماي تولغۇنۇپ ياتىدۇ. تېنىدىكى چىدىغۇسىز ئاغرىققا، ئازابقا ئايلانغان بىر خىل ئېھتىياج، خىروينغا بولغان تەشنالىق ۋۇجۇدىنى غايەت زور پولات ئامبۇردەك قىسىپ، ئۇ بۇلۇڭدىن بۇ بۇلۇڭغا ئاتىدۇ، پىرقىرىتىدۇ،

دۇمىلىتىدۇ. ئۇ ئاغرىققا، ئازابقا چىدىماي قولىغا چىققان نەرسىنى ــ ياستۇقنى، كارىۋات ياغىچىنى، ئاياغىنى چاينايدۇ، تۇساتتىن يادىغا بىر ئىش كەچكەندەك بولۇپ، قاتىلنىڭ قولىدەك تىترىگەن قوللىرى بىلەن تەكچىلەرنى، دورا قۇتىلىرىنى ئاقتۇرىدۇ. بىرەر ئىككى تال ئاسپىرىن ياكى ئاغرىق توختەتمىش دورىسى تېپىۋالسا كۆزلىرى سارىڭنىڭ كۆزلىرىدەك پارقىراپ كېتىدۇ. بۇ دورىلار ئۇنىڭ خۇمارىنى سەل - پەل باسقاندەك بولىدۇ-يۇ، ئۇزۇن ئۆتمەي نەچچە ھەسسە كۈچەيگەن ئاغرىققا ئايلانغان تەشنالىق ئۇنى دۇمىلىتىشقا، پىرقىرىتىشقا باشلايدۇ. گاھ غايەت زور قۇياش باش ئۈستىدىلا يېنىۋاتقاندەك، ئۇنى كۆيدۈرۈپ كۈل قىلىۋېتىدىغاندەك بىلىنسە، گاھ تومۇر -تومۇرلىرىدا مۇز سۈيى ئېقىۋاتقاندەك، ۋۇجۇدى قېتىشىپ مۇزغا ئايلىنىپ كېتىۋاتقاندەك، مۇزغا ئايلانغان گۆش-مۇسكۇللىرى ئۇستىخانلىرىدىن ئاجراپ چاراسلاپ كېتىۋاتقاندەك سېزىلىدۇ. چىرايى، بەدىنى غەلىتە قىيسايغان، قورقۇنچلۇق بىر ھالدا ئىشىككە ئۆزىنى ئېتىپ: «خوش بولۇپ كېتەي، مېنى ئۆلتۈرۈۋېتىڭلار، بوغۇزلىۋېتىڭلار...!» دەپ ۋارقىرايدۇ...

ئاپىسى بىلەن سىڭلىسى قولۇپلاقلىق ئىشىكنىڭ يوچۇقىدىن قاراپ يىغلىشاتتى. بۇ ئازابنى تارتقىچە نېمە كۆرسەڭ كۆر، دەپ ئىشىكنى ئېچىۋەتمەكچىمۇ بولاتتى. ئەمما يەنە چىشىنى چىشلەپ، كۆزىنى يۇمۇپ نېرى كېتىپ قېلىشاتتى. قولۇم- قوشنىلار ئاق تاماكا چەككەن ئادەم ئاجىزلاپ بىر تېرە، بىر سۆڭەك بولۇپ ئۆلىدىكەن، مۇنداق ئۆلۈكنىڭ سۆڭىكىدە تېخىمۇ ئەتىۋارلىق ئاق تاماكا ياسايدىكەن، شۇڭا پالانچىنىڭ گۆرىنى ئېچىپ ئۆلۈكىنى ئوغرىلاپ كېتىپتىمىش، دېيىشەتتى. گۈلسۈمخان ئاچا مۇنداق گەپ- سۆزلەرنى تېنى شۈركەنگەن ھالدا ئاڭلايتتى. ھەر قېتىمقى نامىزىدا: «مۇشۇنداق بالا- قازانى مۇسۇلمان بەندىلىرىگە يوقتۇرغان، بالاۋا - قىلىرىمىزنى زەھەرلىگەن نىجىسلار يەتمىش پۇشتىغىچە موخۇ بولۇپ كەتسۇن ئىلاھىم» دەپ قاغايتتى. مۇنداق چاغلاردا ئۇنىڭ كۆز ئالدىغا يۇلتۇزنىڭ ئالۋاستىدەك ياسىنىپ يۈرىدىغان بىر دوستى كېلەتتى. ئەشۇ «ئالۋاستى» ئۇلارنىڭ ئىشىكىگە دەسسىگەن كۈندىن تارتىپ بۇ ئۆينىڭ خاتىرجەملىكى بۇزۇلغان ئىدى. بىر نەچچە كۈننىڭ ئالدىدا ئۇ يەنە كەلدى. گۈلسۈمخاننىڭ گەپلىرىگە پەرۋامۇ قىلىپ قويماي يۇلتۇزنىڭ يېنىغا كىرمەكچى بولدى. گۈلسۈمخان يۈگۈرۈپ ئۇنىڭ ئالدىغا ئۆتۈپ، ئىككى قولىنى كەرگىنىچە ئىشىكنى توسۇپ تۇرۇپ:

— ئۆيۈمنى ۋەيران قىلىپ تېخى دەردىڭ چىقمىدىمۇ؟ يەنە نېمە ئېلىشىڭ بار سېنىڭ؟ قىزىمغا يەنە چاپلىشىۋالمىدىكەنسەن، سەن بىلەن ئۆلگۈچە ئېلىشقىنىم ئېلىشقان، قىيامەتتىمۇ قولۇم سېنىڭ ياقاڭدا، بىلىپ قوي! — دېدى.

كىم بىلسۇن، ئۇ گۈلسۈمخاندىن ئۆتە ۋارقىراپ:

— ئۆتەپ بارەۋا قېرى امەن قىزىڭغا چاپلىشىۋالمىدىم، قىزىڭ ماڭا چاپلىشىۋالدى. ئادىمىگەرچىلىك قىلىپ ئارىلاشتۇق، ئۇچىسىغا كىيىم-كېچەك، خەجلەيدىغانغا پۇل بەردۇق. مەن ساڭا ئېيتىپ قوياي، قىزىڭ بىزگە كىكىردىكىچە قەرزدار، بۇ قەرزنى تۆلىمەي بىزدىن قۇتۇلغىنىنى بىر كۆرەيلى قېنى، — دەپ كوچىنى بېشىغا كىيدى. شۇ كۈنى قوشنىلار كېلىپ ئارىلاشمىغان، ئۇنى تىللاپ ھەيدىۋەتمىگەن بولسا، قانچىلىك جەڭگى- جېدەل چىقىپ كېتەتتىكىن - تاڭ.

بۇ دۇنيادا يەنىلا ياخشى ئادەملەر كۆپ ئىكەن. ئاشۇ چېكى يوقتەك بىلىنگەن ئۇزۇن، قورقۇنچلۇق كۈنلەردە يۇلتۇزنى دەريا بويىدىن ئەكېلىپ قويغان ئەنۋەر ئىسىملىك يىگىت

ئۇلارنى ھەر كۈنى يوقلاپ تۇردى. ئۇلارغا بەك كۆپ ياردەم قىلدى. گۈلسۈمخان يۇلتۇزنى ئەنئۇۋەردەك بىرەر يىگىتكە تاپشۇرالمىغان بولسا بۇ دۇنيادا ئارمىنى قالمىغان بولاتتى، رەھمەتلىك ئېرىمۇ ئۇ ئالەمدە خاتىرجەم بولاتتى. بىراق، بۇ ئۇنىڭ ئارزۇسى ئىدى، خالاس. كۆڭلىدىن چىقىرىشقا پېتىنالمايتتى.

يۇلتۇزنىڭ دادىسى ئۆمرىنى ماشىنا ھەيدەپ ئۆتكۈزگەن، ناخشا- ساز دېسە جېنىنى بېرىدىغان، كۆڭلى يۇمشاق، خوتۇن- بالىلىرىغا كۆيۈنىدىغان بىر ئادەم ئىدى. ئۇ ئۆزىنىڭ ئوقۇيالمىغىنىدىن ئەپسۇسلىناتتى ۋە ھەممە ئۈمىدىنى قىزلىرىغا باغلىغان ئىدى. ئۇنىڭ كىيىم- كېچىكىدىن، يوغان، يۇمىلاق قوللىرىدىن مەڭگۈ بېنزىن پۇرىقى كەتمەيتتى. يۇلتۇز ئاشۇ پۇراققا تايىنىپ دادىسىنىڭ سەپەردىن قايتىپ كەلگەنلىكىنى ئاسانلا بىلىۋالاتتى. ئۇ ئۆيدىكى ۋاقىتلىرىدا قىزلىرىنىڭ دەپتەرلىرىنى بىرمۇبىر ۋاراقلاپ كۆرەتتى. قىزلىرىنىڭ تاپشۇرۇق ئىشلىشىگە سائەتلەپ زېرىكمەي قاراپ ئولتۇراتتى. بەزى ئاخشاملىرى بىر- ئىككى رومكا ئىچىپ قىزىۋالاتتى- دە، پارقىراپ كەتكەن كونا دۇتارنى ئېلىپ ناخشىغا چۈشۈپ كېتەتتى. ئاۋازى سەل بوغۇق، ئەمما يېقىملىق چىقاتتى، ئىلى ناخشىلىرىنىلا ئەمەس، كۇچا، قەشقەر ناخشىلىرىدىن، رادىئولاردا ئاڭلىغان ناخشىلاردىنمۇ ناھايىتى كۆپ بىلەتتى، «مۇقام» ناخشىلىرىنىمۇ ئۇ يەر بۇ يەردىن يامداپ چېلىپ قوياتتى. ناخشىنى ئۆزگىچە پۇراق بىلەن ئېيتاتتى. ئېيتىپ- ئېيتىپ، بەزىدە مىشىلداپ يىغلاپمۇ كېتەتتى. قىزلىرى ئۇنىڭ تۈگىمەس، مۇڭلۇق ناخشىلىرى ئىچىدە چوڭ بولدى. ئاشۇ ناخشىلار ئۇلارنىڭ قان- قېنىغا، ۋۇجۇدىغا سىڭىپ كەتكەن ئىدى. يۇلتۇز ناھايىتى كىچىك ۋاقىتلىرىدىن تارتىپلا دادىسىنى دوراپ دۇتار چېلىپ، ناخشا ئېيتالايتتى. شۇنداق كېلىشتۈرۈپ ئۇسسۇلمۇ ئوينايتتى. شوپۇر ئۇستام دۇتار چېلىپ، ئىككى قىزىنى ئۇسسۇلغا سېلىپ قويۇپ، ئۆزىنى پادىشاھدەك سېزەتتى، قىزلىرى ئۇنىڭ كۆڭۈل خۇشى ئىدى. قىسقىسى، ئاتا- ئانا چىرايلىق، ئەقىللىق بىر جۈپ قىزىدىن پەخىرلىنىشەتتى، كۆڭۈللىرىدە نى- نى شېرىن ئارمانلارنى پۈكۈشكەن ئىدى.

بۇنىڭدىن ئۈچ يىل ئىلگىرىكى بىر ئەتىگەنى ئۇلارنىڭ ئەشۇ تەمبەل، خۇشخۇي، مېھرىبان دادىسى ئورنىدىن قوپۇپ يەرگە چۈشمەكچى بولغاندا، يىقىلىپ چۈشكەنچە ئۆلۈپ كەتتى. دوختۇرلار ئۇنى مېڭىسىگە قان چۈشۈپتۇ، دېيىشتى. ئېرىنى كۆمۈپ قويۇپ ئانچە ئۆتمەيلا گۈلسۈمخانمۇ يىقىلدى، بۇنىڭ بىلەن بىر ئۆينىڭ يۈكى يۇلتۇزنىڭ زىممىسىگە يۈكلەندى، بۇ دەل ئۇنىڭ تولۇق ئوتتۇرىدا ئوقۇۋاتقان ۋاقىتلىرى ئىدى.

يۇلتۇز ئەنە شۇنىڭدىن كېيىن تەقدىر، پېشانە دېگەن نەرسىنىڭ تېگىگە يەتكىلى بولمايدىغان سىرلىق نەرسە ئىكەنلىكىنى، ئۇنى ئۆزگەرتكىلى، ئۆز ئىرادىسىگە بويسۇندۇرغىلى بولمايدىغانلىقىنى چۈشەندى. ئۇ ئەسلى بەختلىك، غەمسىز ئىدى. داۋاملىق شۇنداق بەختلىك، غەمسىز ياشىشى، ئالىي مەكتەپتە ئوقۇپ دادىسى ئارزۇ قىلغاندەك ئادەم بولۇشى مۇمكىن ئىدى. ئەمما رېئاللىق ئۇنىڭغا يول قويمىدى. تەقدىر ئىلاھى مۇشۇنچە چوڭ شەھەردىن، مۇشۇنچە كۆپ كىشىلەر ئارىسىدىن ئۇنىڭ دادىسىنى ئىزدەپ تېپىپ ئۇ ئالەمگە ئېلىپ كەتتى، ئانىسىنى تۈگىمەس كېسەلگە گىرىپتار قىلدى. بۇلارنىڭ ھەممىسى يۇلتۇزنىڭ تەقدىرىنى ئۆزگەرتمىش ئۈچۈن بولماي نېمە؟ تەقدىر ئۇنى يەنە دوختۇرخانىدا بىر ئايال رېژىسسور بىلەن تونۇشتۇردى. ئۈرۈمچىدىن كىنو ئىشلەش ئۈچۈن كەلگەن بۇ ئايال يۇلتۇزنى

تۇنجى قېتىم كۆرگەندە گويا ئاز ئۇچرايدىغان قىممەتلىك نەرسە تېپىۋالغاندەك ھاياجانلىنىپ كەتتى، ئۇنى گەپكە سالدى، ناخشا ئېيتقۇزدى، ئۇسسۇلمۇ ئويناتتى. دوختۇرخانىدىن چىقىپ كېتىدىغان چاغدا بىر پارچە قەغەزگە ئۆزىنىڭ ئادرېسىنى يېزىپ بېرىپ، ئۆزىنى چوقۇم ئىزدەپ بېرىشىنى تاپىلىدى. ئالىي مەكتەپكە ئۆتەلمەي ئۈمىدسىزلىك ئىچىدە قالغان ئىگە-چاقىسىز، يۆلەنچۈكسىز بىر قىز بالا ئۈچۈن بۇنىڭدىن ئارتۇق قىزىقتۇرۇش بولماس. ئۇ، ئانىسىنىڭ تېزرەك ياخشى بولۇپ كېتىشىنى تۆت كۆزى بىلەن كۈتتى. ئاقىۋەت كۈتكەن كۈنىگىمۇ يېتىشتى، ئايال رېژىسسور بىلەنمۇ كۆرۈشتى. ئۇ ئايال رېژىسسورلۇق قىلغان كىنودا بىر ناخشىچى قىزنىڭ رولىنى ئېلىپ چىقتى. بۇ كىنودا ناخشىچى قىزنىڭ رولى ئانچە مۇھىم ئەمەس ئىدى، شۇنداق بولسىمۇ ئۇ پۈتۈن ۋۇجۇدى بىلەن بېرىلىپ ۋايىغا يەتكۈزۈپ ئورۇندىدى.

ئايال رېژىسسور ئۇنىڭدىن بەكمۇ رازى بولدى، ھەتتا كىنونى ئېلىپ بولغاندىن كېيىن ئۈرۈمچىگە ئېلىپ كەتمەكچى بولدى. يۇلتۇز ئۇنىڭ كېيىنىڭ ئورامىدىن بىر-ئىككى رولنى مۇۋەپپەقىيەتلىك ئوينىساڭ، كەسپىي ئارتىس بولالايسەن، دېگەن مەنىنى ئۇقتى. بىراق، يەنە بىر ئەر رېژىسسور بار ئىدى. ئۇنىڭ ياتىقى كىنو ئارتىسى بولۇشقا ھەۋەس قىلىدىغان چىرايلىق قىزلار بىلەن داۋاملىق تولۇپ تۇراتتى. ئۇلار بىر-بىرىدىن چىرايلىق، بىر-بىرىدىن چېچەن ھەم ئەركىن ئىدى. ئۇلارنىڭ ھەممىسى يۇلتۇز ئۈچۈن خەتەرلىك رەقىب ئىدى.

بىر كۈنى ئۇ ئاشۇ ئەر رېژىسسورنىڭ چىرايلىق بىر قىز بىلەن ئىشخانىدىلا پومداقلىشىۋاتقىنىنى كۆرۈپ قالدى. بۇنىڭ بىلەن يۇلتۇزنىڭ تەقدىرى يەنە بىر قېتىم ھەل بولدى. ئۈرۈمچىگە يۇلتۇز ئەمەس، ھېلىقى قىز كەتتى. بىراق ئاشۇ ياز ئۇنىڭ ھاياتىدىكى ئۇنتۇلماس بىر ياز بولۇپ قالدى. رول ئېلىۋاتقان چاغدا، ۋىژىلداپ تۇرىدىغان سۈرەتكە ئېلىش ئاپپاراتىنىڭ ئالدىدا پەيدا بولىدىغان بىر خىل يۈكسەك ھېسسىيات، بىر خىل ئىپتىخارلىق، جىددىيلىك، يۈرەكنىڭ دۈپۈلدەپ كېتىشلىرى، بىر-بىرىدىن كېلىشكەن، شوخ، مەدەنىيەتلىك قىز-يىگىتلەرنىڭ — كىنو ئارتىسلىرىنىڭ ئارىسىدا ياشاش، ئۇلار بىلەن چاقچاقلىشىش، كۈلۈشۈش، بىللە تاماق يېيىش، كۆيۈپ-پىشىپ مەشىق قىلىش، رېژىسسورنىڭ سىرلىق ئاۋازدا بۇيرۇق بېرىشلىرى، ئەتراپىڭدا ۋارقىراپ-جارقىراپ يۈگۈرۈپ يۈرۈشلىرى، كىشىلەرنىڭ ھەۋەسلىنىپ، قىزىقىپ قاراشلىرى... بۇلارنىڭ ھەممىسى كىنوغا، رومانتىكىغا ئوخشايتتى، ئۇنىڭ كۆرۈنۈشلىرى يۇلتۇزنىڭ كۆز ئالدىدىن، قولاق تۈۋىدىن بىر مىنۇتمۇ كەتمەيتتى، ئۇ ئاشۇ ئاجايىپ ھاياتنى چىن دىلىدىن ياخشى كۆرۈپ قالغان ئىدى. باشقا ھەر قانداق ئىش، باشقىچە ھايات ئۇنىڭغا بەكمۇ مەنىسىز ھەم ئەھمىيەتسىزدەك بىلىنەتتى.

ئۇ، ئۆيىنى ژۇرناللاردىن كېسىۋالغان كىنو چولپانلىرىنىڭ سۈرىتى بىلەن توشقۇزۇۋەتتى. كىيىم - كېچەكلىرىنىمۇ ئاشۇلارنىڭكىگە ئوخشىتىپ تىكتۈردى. مۇشۇ ئارقىلىق بولسىمۇ ئۆزىنىڭ بۇرۇقتۇرمىلىق ئىچىدىكى ھاياتىنى بېزىمەكچى، ئۆزگەرتمەكچى بولاتتى، بىراق، ئاپىسىنىڭ ئويى باشقا ئىدى. ئۇنىڭغا ئۆزىنىڭ تىككۈچىلىك ھۈنىرىنى ئۆگىتىشنى ئويلايتتى. «ھەر قانداق چاغدا ئاقىدىغان پاكىزە ھۈنەر، ئۆگىنىپ قويساڭ خارلىقتا قالمايسەن، بىراۋنىڭ قولىغا قاراپ قالمايسەن» دەپ قۇلىقىغا قۇيۇپ تۇراتتى. يۇلتۇزمۇ ئۆي ئىشلىرىدىن قولى بوشىسىلا ئانىسىنىڭ يېنىدا كىنو ناخشىلىرىدىن غىڭشىغاچ ئولتۇرۇپ قول ئىشلىرىنى قىلىشىپ بېرەتتى، خۇشى تۇتۇپ قالسا پۇسۇنى ئاددىيراق كۆڭلەكلەردىن بىرەر - يېرىمنى

تىكىپمۇ قوياتتى، ئەمما ئەتىسى بۇ ئىشتىن
بىزار بولاتتى. خىيالى كىنو ئارتىسى بولۇپ
ئۆتكەن ئاشۇ بىر نەچچە ئايلىق ھاياتىغا،
ئۇرۇمچىگە، مەشھۇر كىنو چولپانلىرىنىڭ
قېشىغا كېتەتتى. كىيىم تىكىش ماشىنىسىنىڭ
ئالدىدا مۈكچىيىپ ئولتۇرغان كېھەل چىراي
ئانىسىغا، غېرىب - غۇربەتچىلىك يېغىپ
تورىدىغان كاتەكتەك ئۆي ئىچىگە قاراپ
ئىچى سىقىلاتتى، تىت - تىت بولاتتى.
تۇرۇپ قاراپ ئۇخلىيالماي ياتقان كېچە-
لەردە پات - پاتلا خىيالىغا: ئاشۇ قىزنىڭ
ئورنىدا ئۇرۇمچىگە كېتىشىم تامامەن مۇمكىن
ئىدى، دېگەن ئوي كېلىپ قالاتتى. دېمىسىمۇ
ئاشۇ ئەر رېژىسسور دەسلەپكى ۋاقىتلاردا
يۇلتۇزغا خېلى ئىچ - پەش تارتىپ باققان،
بىر نەچچە قېتىم ياتاقلىرىغىمۇ تەكلىپ
قىلغان ئىدى. يۇلتۇز ئۇنىڭ تەكلىپىنى
ئويلىنىپمۇ ئولتۇرماي رەت قىلىۋەتتى،
چۈنكى ئۇنىڭ ھىڭگاڭ چىشلىرى، زورمۇزور
ئۆستۈرۈۋالغان شالاڭ، ئەمما يىرىك ساقال-
بۇرۇتى، ئۇنىڭدا بىر خىل يىرگىنىش قوز-
غايتتى. ئەمما ھېلىقى قىز ئۇنىڭدىن يىرگەن-
مىدى. ئۇ مۇشۇ شەھەردىكى خېلى يۈز-ئابروي-
لۇق ئائىلىنىڭ قىزى ئىدى. يەنە تېخى نورغۇن
قىزلار ئۇنىڭ نەزەرىدە چۈشەلمەي ئارماندا
قېلىشتى. ئاشۇلارنى كۆز ئالدىغا كەلتۈرگەندە
يۇلتۇزنىڭ يۈرىكى ئېچىشقاندەك بولاتتى.
بۇ نېمە؟ ھەسەتمۇ ياكى ئېچىنىشمۇ؟ پۇشايمانمۇ
ياكى ھەسرەتمۇ؟ قەلبىدىكى مۇرەككەپ ھېس-
سىياتلارنى ئۇ ئۆزىمۇ چۈشىنەلمەي قالاتتى. ئەنە
شۇنداق بۇرۇقتۇرمىلىقتا يۈرگەن كۈنلەرنىڭ
بىرىدە ئۇنى نىگار ئىزدەپ كەلدى. «داڭلىق
كىنو چولپىنى مۇشۇنداق ئارقا مەھەللىدە،
بۇلۇڭ - پۇشقاقتا ئەسكى - تۈسكىلەرگە
كۆمۈلۈپ قالسا قانداق بولىدۇ؟ يۈرۈڭ، مەن
سىزنى دىدارىڭىزنى بىر كۆرۈشكە تەشنا
بولۇپ يۈرگەن كىنو مەستانىلىرىغا كۆرسە-
تىپ كېلەي» دەپ ئۇنى كىنوغا، بازارغا ئېلىپ
باردى. ئۇنىڭ دوستلىرىنىڭ ھەددى - ھېسابى
يوق ئىدى، قەدەمدە بىر ئۇچرىشىپ تۇراتتى.
نىگار ئۇلارنىڭ ھەممىسىگە يۇلتۇزنى
كۆرسىتىپ، كۆزلىرىنى خۇمارلاشتۇرۇپ
تۇرۇپ: «تونۇدۇڭلارمۇ؟ كىنو چولپىنى!
ئوقتۇرۇش ساقلاۋاتىدۇ، ئوقتۇرۇش كەلگەن
ھامان ئۇرۇمچىگە — تەڭرىتاغ كىنو ستۇدىيە-
سىگە ماڭىدۇ!» دەپ بارماقلىرىدىن قاس
چىقىرىپ سۆزلەيتتى. ئۇلار يۇلتۇزغا
ھەۋەس، ئەيمىنىش بىلەن قارىشاتتى. بىر
كۈنى ئۇ يۇلتۇزنىڭ كىيىملىرىگە يىرگەنگەن-
دەك قاراپ: «بۇ كىيىملەرنى كىيمەڭ، كىيىم
دېگەن مەندە بەك كۆپ، مەن بېرىپ تۇراي»
دېدى. ئۇ ئۇنى تازا ياسىتىدۇرۇپ قەھۋە-
خانىغا ئېلىپ باردى. تاملىرى پۈتۈن ئەينەك-
لىك زال، كۆكۈچ چىراغ، خالىي ئورۇنلاشتۇ-
رۇلغان ھەشەمەتلىك ئورۇندۇقلار، ئۇزۇن بو-
يونلۇق رومكىلاردا بىر نېمىلەرنى ئىچىشىۋات-
قان ياسانغان قىز - يىگىتلەر، لەرزان چېلىنى-
ۋاتقان مۇزىكا . . بۇ كۆرۈنۈش ئۇنىڭغا
بەكمۇ سىرلىق، بەكمۇ قىزىقارلىق تۇيۇلدى.
كىنو ئارتىسلىرىنىڭ دورايدىغىنى مۇشۇ
تۇرمۇش ئەمەسمۇ؟ بۇ يەردىكىلەر ھېچكىم-
نى دورىمايدۇ، بەلكى ئاشۇنداق ياشايدۇ.
خېرىدارلار بۇ يەردىكى قىزلارنى ھۆرمەتلەپ:
«خېنىم» دېيىشىدۇ، يانچۇقلىرىدىن تۇتام-
تۇتام پۇللارنى چىقىرىپ بىر رومكىسى بىرەر
يۈز كويلۇق ھاراقلارنى — يۇلتۇز ئۆمرىدە
ئاڭلاپ باقمىغان ئىچىملىكلەرنى ئىچىدۇ،
قىزلارغا قىممەت باھالىق سوۋغىلارنى تەقدىم
قىلىشىدۇ. بۇنداق تۇرمۇش پەقەت كىنولار-
دىلا بار. يۇلتۇز: «ئۇلار پۇلنى نەدىن
تاپىدۇ؟» دەپ سورىغان ئىدى، نىگار خۇددى
مۇشۇنىمۇ بىلمىگەن بارمۇ، دېگەندەك قىلىپ
قاپاقلىرىنى سۈزگىنىچە چۈشەندۈرۈپ كەتتى:
«مۇ يەرگە كېلىدىغانلارچۇ، كۆپ، قىسمى

ئوقەتچى بالىلار، ئۇلارنىڭ يۈرۈۋاتقان قىزلىرى ياكى . . . ئاشنىلىرى، پۈتۈن شەھەردىكى ئەڭ چوڭ باي سودىگەرلەرمۇ مۇشۇ يەرگە كېلىدۇ. ئۇلار ئۈچۈن بىر نەچچە يۈز كوي دېگەن تىلغا ئالغۇچىلىكى يوقلا بىر گەپ. قىسقىسى، جاھاندا ئىش تولا، ئاشۇ كاتەكتەك ئۆيىڭىزدىن چىقماي ئولتۇرۇۋېرسىڭىز، ھەممىدىن قۇرۇق قېلىۋېرىسىز . . .»

يۇلتۇز ئۆزى يالغۇز ئولتۇرغان، كىنو ئارتىسلىرىدەك قاملاشقان بىر يىگىتنىڭ ئۆزلىرى تەرەپكە لاپ - لاپ قاراۋاتقانلىقىنى سەزدى. نىگارمۇ سەزگەن بولسا كېرەك، ئېگىشىپ تۇرۇپ: «ئاۋۇ يىگىتنىڭ ئىسمى يالقۇن، ئۆزى سودىگەر، ئاكىسى ئاۋستىرالىيىدە كاتتا باي. پۇل دېگەننى سۇدەك تاپىدۇ دەڭا . . .» دەپ پىچىرلىدى. يالقۇن ئۇلارنىڭ ئالدىغا كەلدى. نىگار ئۇلارنى تونۇشتۇرۇپ قويدى. يىگىت بەكمۇ قاملاشتۇرۇپ ياسانغان ئىدى، ئەدەبلىك، مۇلايىم كۆرۈنەتتى. ئۇ، يۇلتۇزنىڭ كىنودا رول ئېلىشتىكى تالانتىنى ئاجايىپ قىزغىنلىق بىلەن ماختىدى. «ئىسىت، بىزدە تالانتنىڭ قەدرى يوق، چەت ئەللەردە بولغان بولسىڭىز، بىراقلا جاھانغا داڭقىڭىز چىقىپ كەتكەن بولاتتى، مىليونېر بولۇپ كېتەتتىڭىز، ئىسىت، ئىسىت» دەپ ھېسداشلىقمۇ قىلدى. چەت ئەل ۋە جۇڭگونىڭ كىنو چولپانلىرى توغرىسىدا سۆز ئېچىپ ئۆزىنىڭ بۇ ساھەدىمۇ خەۋەرسىز ئەمەسلىكىنى نامايەن قىلدى. قىسقىسى، ئۇلارنىڭ گېپى بىر يەردىن چىقىپ قالدى. ئىككىيلەن قىزغىن پاراڭغا چۈشۈپ كېتىپ، نىگارنىڭ قاچانلاردا غايىب بولۇپ كەتكىنىنى، ۋاقىتنىڭمۇ بىر يەرگە بېرىپ قالغىنىنى سەزمەي قېلىشتى. كەچتە ئۇ يۇلتۇزنى ئۆيىنىڭ ئالدىغىچە ئاپىرىپ قويدى.

شۇنىڭدىن كېيىن ئۇلار ھەر كۈنى ئۇچرىشىدىغان، قەھۋەخانىدا سائەتلەپ ئولتۇرۇشىدىغان بولدى. ئۇ ھەدېسە ئاۋستىرالىيىدە كۆرگەنلىرىنى، مېلبورن، سىدنىي، كامپۇرا دېگەندەك چوڭ شەھەرلەردىكى قاۋاقخانا، كەچكى بەزمىخانىلارنى ئاغزىدىن چۈشۈرمەيتتى. ئاۋستىرالىيىدە ھەممە قىزلار ئىچىدۇ، ھەتتا ئاتا - ئانىلىرى بىلەنمۇ رومكا سوقۇشتۇرۇۋېرىدۇ. ھەرگىز بىزنىڭ بۇ يەرنىڭ ياۋايى، مەدەنىيەتسىز قىزلىرىدەك غىلجىڭلاپ تۇرمايدۇ. بۇمۇ مەدەنىيەتنىڭ، تەرەققىياتنىڭ بىر بەلگىسى، دەيتتى ۋە يۇلتۇزنىمۇ ئىچىپ ئۆگىنىشكە دەۋەت قىلاتتى. يۇلتۇز ئۇنىڭ ئۆزىنى مەدەنىيەتسىز دەپ قېلىشىدىن ئەندىشە قىلىپ ئاز - ئازدىن ئوتلاپ قويياتتى. يالقۇن ئۇنىڭ ئوتلاپ قويغىنىنى كۆرۈپ ھەممىنى ئىچىۋېتىشكە قىستايتتى. بىر كۈنى ئۇ يانچۇقىدىن كىچىككىنە دۇخاۋا قۇتىنى چىقىرىپ، ئۇنىڭدىكى ئالتۇن ئۈزۈكنى يۇلتۇزنىڭ بارمىقىغا سېلىپ قويدى. ئۇنىڭ نازۇك بارماقلىرىنى لەۋلىرىگە يېقىپ تۇرۇپ، كۆزلىرىگە مەنىلىك تىكىلىپ: «مۇھەببىتىمىزنىڭ نىشانى بولۇپ قالسۇن . . .» دېدى. بۇ ئۈزۈك يۇلتۇزغا گويا ئىككىسىنىڭ مۇھەببىتىنىڭ كاپالىتىدەك بىلىندى. يەنە بىر كۈنى ئۇ قىزىقچىلىق قىلىۋاتقاندەكلا يانچۇقىدىن فارفور قەغەزگە ئورالغان زىغىردەك ئاپپاق نەرسىنى چىقاردى. قەغەزنى ئاۋايلاپ تۈرمىلەكلەپ، ئاستىغا سەرەڭگە يېقىپ تۇتتى - دە، نەدىندۇر پەيدا قىلغان ئىنچىكە نەيچە بىلەن ئۇنىڭدىن كۆتۈرۈلۈۋاتقان كۆكۈش ئىسنى شورىشقا باشلىدى، كۆزلىرىنى خۇمارلاشتۇرۇپ، لەززەتتىن ئۈگە - ئۈگىلىرى بوشاپ كېتىۋاتقان بىر ئەلپازدا قولىدىكى نەيچىنى يۇلتۇزغا تۇتقۇزدى:

— بۇ دۇنيادا مۇشۇنداق لەززەتنىڭ بارلىقىنى بىلمەي ئۆلۈپ كېتىدىغان ئەخمەقلەرمۇ تولا، قېنى بىر شوراپ باققىن دەيمەن...

يولتۇز ئۇنىمىدى. يالقۇن يەنە: — ئامېرىكا بىلەن ئاۋستىرالىيىدە ياشلارنىڭ 60 - 70 پىرسەنتى خىروېين چېكىدۇ. خىروېين يامان نەرسە بولسا، شۇلار چەكمەستى. بۇ يەردە مۇ چېكىدىغان يالغۇز بىز دەمسىز، ئاۋۇ ئولتۇرغانلارنىڭ ھەممىسى بۇ يەرگە مۇشۇنى دەپ كېلىدۇ، ھازىر قەھۋەخانا، قاۋاقخانا، ئاشخانا . . . لارنىڭ ھەممىسىدە مۇشۇ سۈرۈپ كەتتى، بىراق، بۇنىمۇ پۇلى بارلار، چېكەلەيدىغانلار چېكەلەيدۇ تېخى، — دېدى.

يولتۇز تۇنجى قېتىم چەككەن چېغىدا ھېچقانداق «لەززەت» ئالالمىدى، ئەكسىچە بېشى قېيىپ، كۆڭلى ئېلىشىپ بىئارام بولدى. بىراق، ئەتىسى، ئۆگۈنى ئۇنداق بولمىدى. شۇنداق قىلىپ ئۇ ئاخىرى ئۆگىنىپ كەتتى. ھەتتا ئۇنىڭدىن بىر كۈنمۇ ئايرىلالمايدىغان بولۇپ قالدى. قەھۋەخانىنىڭ بۇلۇڭىدىكى تار پەلەمپەي ئارقىلىق ئىككىنچى قەۋەتكە چىققىلى بولاتتى. ئۇ يەردە كىچىك كىچىك، ياسىداق ئۆيلەر بار ئىدى. ئۇ كەيپ بولۇپ قالغان چاغلىرىدا يالقۇن ئۇنى يۆلەپ ئىككىنچى قەۋەتكە ئېلىپ چىقاتتى. بىر كۈنى يالقۇن ئۇنىڭ كىيىملىرىنى بىر - بىرلەپ سالدۇردى. ئۇ ھەممىنى تۇيۇپ، بىلىپ ياتتى، قارشىلىق قىلماقچى، قوپۇپ قېچىپ كەتمەكچى بولدى، ئەمما قوللىرىنى كۆتۈرەلمىدى، پۇتى ئايىغى چىقمىغان بوۋاقنىڭ پۇتلىرىدەك جانسىز ئىدى. ئاشۇ كېچىسى قىزلىق ئىپپىتىنى، شۇنداقلا قەلبىدىكى ئەڭ مۇقەددەس تۇيغۇلىرىنى يوقاتتى. مۇشۇ تۇيغۇ ئۇنى بۈگۈنگە قەدەر نۇرغۇن خىيىم - خەتەر، پېشكەللىكلەردىن، ھېلىقى ھىڭگاڭ چىش رېژىسسورنىڭ كارۋىتىغا چىقىشتىن ساقلاپ قالغان ئىدى. مۇشۇ تۇيغۇ بولغاچقىلا ئۇ بېشىنى ئېگىز كۆتۈرۈپ ياشايتتى، باشقىلارنىڭ كۆزىگە دېدىل تىكىلىپ قارىيالايتتى، كەلگۈسى ھەققىدە ئاجايىپ گۈزەل تەسەۋۋۇرلاردا بولالايتتى ھەم شۇ يولدا كۈرەش قىلالايتتى. بىراق ئۇ مۇشۇ تۇيغۇسىدىن ئايرىلىپ قالدى. يالقۇن ئۇنىڭ ئالدىدا تىزلىنىپ: «سىز مېنىڭ ئۇ دۇنيا - بۇ دۇنيالىق بىردىنبىر ئايالىم» دەپ قەسەم ئىچكەن كۈنىنىڭ ئەتىسىلا، يولتۇز ئۇنىڭ قانۇنلۇق ئايالى ھەم ئىككى بالىسى بارلىقىدىن، شۇنداقلا ئۇنىڭغا ئالدانغۇچىنىڭ يالغۇز ئۆزى ئەمەسلىكىدىن خەۋەر تاپتى. ئۇ ئازابلاندى، پۇشايمان قىلدى، يىغلاپ - قاقشىدى، بارغانسېرى چوڭقۇر پېتىپ كېتىۋاتقان پاتقاقتىن قۇتۇلۇپ كېتىشكە ئۇرۇندى، ئەمما قۇتۇلالمىدى، ئۇنىڭغا چېكىنىش يولى قالمىغان ئىدى.

* * *

باھار كەلدى. باش - ئۇچى، چېكى يوقتەك كۆرۈنىدىغان ئۇزۇن، مۇدھىش قىشتىن كېيىن ئارزۇ - ئۈمىدلەرگە، ھاياتىي كۈچكە تولغان ئىللىق باھار كېلىدۇ، بۇ قانۇنىيەت. ھەممە نەرسىدىن ئايرىلىپ ئېچىنىشلىق داردىيىپ قالغان، قەھرىتان سوغۇقنىڭ ئازابىنى يەتكىچە تارتقان دەل - دەرەخلەر، سوغۇق شامال پايخان قىلغان، قار - مۇزلار ئاستىدا يەنچىلگەن ئوت - چۆپلەر قۇياش نۇرى ۋە باھار شامىلىنىڭ ئەركىلىتىشى، سىيلاپ - سىيپىلاشلىرى بىلەن جانلىنىشقا، بىخ سۈرۈشكە، گۈللەپ ياشناشقا، قۇياشقا قاراپ تەنتەنە قىلىشقا باشلايدۇ. ھاياتلىق ئۇلۇغ، ئۇنىڭ كۈچى تۇسىۋالغۇسىز ۋە تەڭداشسىزدۇر.

يولتۇز ئاشۇ دەل - دەرەخلەر، ئوت - چۆپلەر بىلەن تەڭلا ياشاردى. ئۆتكەن كۈنلەر، كېسەل ئازابى خۇددى مۇدھىش چۈشتەك ئۇزاقتا قالدى. ئۇنىڭ ياش يۈرىكى يەنە ھاياتقا بولغان مۇھەببەت بىلەن، ياشلىقنىڭ شېرىن تۇيغۇلىرى بىلەن تولدى. ئۇ ئۆزىنى دۇنياغا قايتىدىن كۆز ئاچقاندەك سېزەتتى.

ئۇ قايتىدىن ياشاشقا، باشقىچە ئادەم بولۇشقا بەل باغلىدى. ئۇ ئانىسىنىڭ، سىڭلىسىنىڭ، ئەنۋەرنىڭ، يەنە ئۆزى ئۈچۈن قايغۇرغان، ئۇنىڭغا كۆڭۈل بۆلگەن نۇرغۇنلىغان كىشىلەرنىڭ ئۈمىدىنى ئۇنتۇماسلىقى كېرەك ئىدى. ئەنۋەر ئۇنىڭ ئۈچۈن ئاز يول ماڭمىدى. يۇلتۇزنىڭ دادىسىنىڭ ئىدارىسىغا باردى، ئاياللار بىرلەشمىسى، ئىتتىپاق كومىتېتلىرىغا باردى، ئۆزىنىڭ نۇرغۇن تونۇش - بىلىشلىرىنى ئىزدىدى، مەقسىتى يۇلتۇزغا تۈزۈك بىرەر ئىش تېپىپ بېرىش ئىدى. ھېچ نەدە، ھېچكىم «ياق»، «بولمايدۇ» دېمىدى، ھەممىسىلا ناھايىتى كۆڭۈل بۆلگەن، ئەستايىدىل قىياپەتتە: «بولىدۇ، ئويلىشىپ باقايلى»، «مۇزاكىرىلىشىپ باقايلى» دېيىشتى.

بىرەر ھەپتىنىڭ ئالدىدا تېلېۋىزوردا يېڭىدىن قۇرۇلغان تېلېۋىزىيە تىياتىرى مەركىزىگە سەنئەتچى قوبۇل قىلىنىدىغانلىقى توغرىسىدىكى ئېلاننى كۆرگەن ئەنۋەر يۇلتۇزنى تېلېۋىزىيە ئىستانسىسىغىمۇ باشلاپ باردى. داڭلىق كىنو رېژىسسورىغا يارىغان يۇلتۇز ئەلۋەتتە بۇ يەردىكىلەرگىمۇ ياردى. ئۇلار ئۇنىڭدىن سىناق ئېلىۋېتىپ، ئۆزلىرىنى باسالماي: «يا - رايدىكەن، تازا يارايدىكەن» دېيىشىپ كەتتى. بىراق، ئۇ ئىشىكتىن چىقىپ كېتىۋېتىپ، ئورۇق، ئاغزى يوغان بىر ئايالنىڭ ئۆزىنى كۆرسىتىپ قالغانلارغا بىر نەرسە دەپ كۇسۇرلاۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ قالدى، ئۇ تېخى ئاخىرقى سۆزلىرىنى يۇلتۇزغىمۇ ئاڭلىتىپ تۇرۇپ: «تېلېۋىزىيە ئىستانسىسى ھەر قانچە بولسىمۇ، مۇنداق جەمئىيەت داشقاللىرىنى يىغمىۋالماس» دېدى.

شۇ كۈندىن تارتىپ ئۇ ئانىسىنىڭ تىككۈچىلىك ھۈنىرىنى كۆڭۈل قويۇپ ئۆگىنىشكە باشلىدى. ئۇ ئاشۇ دېرىزىنىڭ ئالدىدا ئولتۇرۇپ تىكىش ماشىنىسىنىڭ ئاۋازىغا تەڭكەش قىلىپ غىڭشىپ ناخشا ئېيتاتتى، خىيالدا بولسا، ئەنۋەرنى ئويلايتتى. نېمىشقىدۇ، يېقىندىن بۇيان ئۇ يۇلتۇزدىن ئۆزىنى قاچۇرىدىغان بولۇپ قالغان ئىدى. ئۇ ئاخىرقى قېتىم كەلگىنىدە، ئۇنىڭغا ساقچى ئورۇنلىرى ئارقىلىق ئېچكىرىدىكى ئىنىسىنى ئىزدەۋاتقانلىقى، ئەمما ئىزدەشنىڭ نەتىجىسىز بولۇۋاتقانلىقىنى سۆزلەپ بەرگەن ئىدى. ئۇنىڭ سۆزلىرىدىن قايغۇ - ھەسرەت، ئۆچمەنلىك ھەم كۈچلۈك قىساس ئېلىش ئارزۇسى چىقىپ تۇراتتى. مۇشۇ كۈنلەردە ئۇ نەدىكىن، نېمە ئىش قىلىۋاتىدىكىن...

يۇلتۇز دېرىزە تۈۋىدە ئولتۇرۇپ ئاپىسى يېڭىلا تىكىپ تاشلاپ بەرگەن كۆڭلەكنىڭ ئېتىكىنى پۈكلۈۋاتاتتى. دېرىزە تۈۋىدە ئالمىيە پەيدا بولدى، ئۇ ھەر قاچانقىدەك ئوغۇل بالىچە ياسانغان ئىدى، قولىدا قىممەت باھالىق قاپچۇق بار ئىدى. ئەپتىدىن چۈشكۈنلۈك، بىچارىلىق چىقىپ تۇراتتى. ئۇ يۇلتۇزنىڭ ئانىسىغا يالۋۇرغاندەك كۈلۈپ:

— يۇلتۇزنى كۆرگۈم كېلىپ قاپتىكەن، بىر دەم مۇڭدىشىپ چىقاي دەپ كىردىم، — دېدى.

يۇلتۇز ئالمىيەنى كۆرۈپ خۇشال بولدى، ئۇ ئانىسى بىلەن، ئادەتتىكى قىز دوستلىرى بىلەن ئېچىلىپ - يېيىلىپ پاراڭلىشالمايتتى، ئۆزى بىلەن ئۇلار ئوتتۇرىسىدا تولدۇرغىسىز ھاڭ بارلىقى ئۇنىڭغا ئايان ئىدى. ئۇلارنىڭ ئالدىدا بىر خىل ئۆز ئۆزىنى پەس كۆرۈش تۇيغۇسى ئۇنى ئازابلايتتى. ئالمىيە بولسا ئۇلارغا ئوخشىمايدۇ، ئىككىسىنىڭ ئورتاق سەرگۈزەشتىلىرى، بەختسىزلىكى ۋە دەردى بار، ئۇلارنىڭ ئوتتۇرىسىدا يۇقىرى - تۆۋەنلىك مەۋجۇت ئەمەس. ئىككىيلەن يۇلتۇزنىڭ كارىۋىتىدا ئولتۇرۇپ، ئۇزۇندىن بېرى يىغىلىپ قالغان يۈرەك سۆزلىرىنى تۆكۈشۈپ، ئۇزاق مۇڭداشتى.

— ئۇلار سېنى بىر يىگىت ئېپىۋاپتۇ، توي

قىلسا كېرەك دېيىشىۋاتىدۇ، ئاڭلاپ بەك خۇشال بولدۇم. بىراق، دىققەت قىل، قەست قىلىپ قويمىسۇن، سەن ئۇلارنى چۈشەنمەسەنغۇ، — دېدى ئالىيە كۆيۈنگەن ھالدا.

— راستىنىلا يەڭگىتىم بولۇپ قالغان بولسىغۇ... بىراق بىزدەكلەرگە ئاسانلىقچە يىگىت چىقىدۇ دەمسەن؟ — دەپ ئۇلۇغ - كىچىك تىنىدى يۇلتۇز. ئىككىسى دېمى ئىچىگە چۈشكەن ھالدا جىم ئولتۇرۇپ كەتتى. بۇ پاك، ھالال تۇرمۇشتا بولغان ئىشەنچىسىنى ئۈزۈل - كېسىل يوقاتمىغان ھەر قانداق قىز ئۈچۈن خىيالىدىن كېچە - كۈندۈز نېرى بولمايدىغان جەلپ قىلارلىق ئەمما ئازابلىق تېما ئىدى. جىمجىتلىقنى يۇلتۇز بۇزدى:

— جېنىم ئالىيە، سەنمۇ بالدۇرراق ئۆز يولۇڭنى تېپىۋالساڭ بولاتتى، بىز قىز بالىكەنمىز، ئۆمرىمىزنى مۇنداق ئۆتكۈزەلمەيمىز دېگىنە. چوڭراق بولسىمۇ، ئاقساق - چولاق بولسىمۇ بىرەرسىنى تېپىپ توي قىلىۋالساق، بالا - چاقىلىق بولۇپ كەتسەك، كىشىلەرمۇ بىزنىڭ ئۆتمۈشىمىزنى ئۇنتۇپ كېتەرمىكىن دەيمەن، دۇنيادا ئۇنتۇلمايدىغان نېمە بار؟

— بۇ دېگىنىڭغۇ توغرا، مەنمۇ شۇنداق ئويلايمەن. بىراق، مېنىڭ شارائىتىم سېنىڭكىگە ئوخشىمايدۇ، ئۆگەي دادام پات ئارىدا تۈرمىدىن چىقىدىغان ئوخشايدۇ، ئۇ چىقسىلا مەن ئۇ ئۆيدە تۇرالمايمەن، بارىدىغان باشقا يېرىم بولمىسا...

— ئۇنداق بولسا بىزنىڭكىگە قايتىپ كەل، ئىككىمىز ئاپامدىن كېيىم تىكىشنى ئۆگىنىپ بىر دۇكان ئاچارمىز بولمىسا.

— ئېيتماققا ئاسان، بىراق...ھەي، بولدىلا، ئۇ گەپنى قىلىشمايلى، مۇشۇ گېپىڭگە رەھمەت، ئاداش. مەندىن غەم قىلما، پەقەت بولمىسا ئۈرۈمچىدىكى تاغاملارنىڭكىگە كېتىپ قۇتۇلارمەن...

يۇلتۇز دوستىنىڭ ئالدىغا چۈشۈۋالغان چاچلىرىنى، پېشانىسىدىكى تۇخۇ كۆزىدەك بىر تال تاتۇقنى سىلىدى. نېمە دېگەن ئوماق قىز، ھەتتا ئاشۇ تاتۇقىمۇ ئۆزىگە يارىشىپ قاپتۇ دېسە. ئاشۇ مۆلدۈرلەپ تۇرغان سەبىي كۆزلەرگە قاراپ كىممۇ ئۇنى... دەر.

ئالىيە كېتىدىغان چاغدا ئۇنىڭغا تالا - تۈزگە كۆپ چىقماسلىقنى، ئۆزىگە ئاگاھ بولۇپ يۈرۈشنى قايتا - قايتا تاپىلىدى.

يۇلتۇز دوستىنى ئۇزىتىپ قويۇپ يەنە ئىشىغا ئولتۇردى. قولى ئىشتا، خىيالى تىنىمسىز ئىدى. يۈرىكى ئېچىشقان ھالدا دوستىنىڭ بەختسىز كەچۈرمىشلىرىنى ئەسلەيتتى.

بەخت ئىچىدە، تىنچ، ئاسايىشلىق تۇرمۇش قوينىدا چوڭ بولغان نۇرغۇن كىشىلەر تۇرمۇشنىڭ يەنە بىر تەرىپىنى، ئۇنىڭ ئەگرى - توقاي، جاپا - مۇشەققەتلىك سوقماق يوللىرىنى كۆز ئالدىغا كەلتۈرەلمەيدۇ. تۇغۇلۇشىدىنلا ئالىيەگە تەييارلانغىنى ئەنە شۇنداق ئەگرى - توقاي، تىكەن - چاتقاللار بىلەن تولغان سوقماق يول ئىدى. ئۇ ناھايىتى كىچىك ۋاقتىلىرىدىلا دادىسىدىن، كېيىن ئاپىسىدىن ئايرىلدى. 13 ياشقا كىرگەن يىلى ئۆگەي دادىسىنىڭ ئاياغ ئاستى قىلىشىغا ئۇچرىدى. ئۇنىڭ پېشانىسىدىكى تاتۇق ئەنە شۇ چاغدىكى تەڭسىز ئېلىشىشنىڭ يادنامىسى ئىدى. 18 ياشقا كىرگىچە 40 ياشقا كىرگەن ئاياللاردىنمۇ كۆپرەك ئىشلارنى بىلىپ كەتتى. قەھۋەخانىدىكىلەرنىڭ ھەممىسى ئۇنىڭ بۇ كەچۈرمىشلىرىدىن خەۋەردار ئىدى، شۇڭا ئۇنى كۆزگە ئىلمايتتى، ئۇنى بوزەك قىلىشاتتى. يۇلتۇز ئۇنىڭغا ئىچ ئاغرىتاتتى، ھېسداشلىق قىلاتتى، ئۇمۇ كۆڭلىدىكى گەپلىرىنى يۇلتۇزغا دەيتتى. ئورتاق بەختسىز تەقدىر ئۇلارنى يېقىن دوستلارغا ئايلاندۇرغان ئىدى.

* * *

ئالىيەنىڭ: «سېنى بىر يىگىت تېپىپتۇ، توي

قىلغۇدەك دېيىشىۋاتىدۇ» دېگەن سۆزى يۇلتۇزنىڭ تېپتىنچ روھىي دۇنياسىدا قاتمۇ-قات داۋالغۇش پەيدا قىلدى، ئۇنى شېرىن تۇيغۇلارغا چۆمدۈردى. توغرا، ئۇ خېلىدىن بېرى ئەنۋەرگە كۆيۈپ يۈرىدۇ (ئەنۋەردەك يىگىتكە ھەر قانداق قىز كۆيىدۇ)، بىراق ئۇ قەلبىدىكى بۇ مۇھەببەتنى مەڭگۈ ئاشكارىلىمايدۇ. ئۇنىڭدەك بىر ئادەم پاك ھەم مۇقەددەس مۇھەببەت قەسرىگە قەدەم قويۇشقا قانداقمۇ پېتىنسۇن! ئۇ پەقەت جۈپ-جۈپ بولۇپ، قولتۇقلىشىپ ئاشۇ قەسرگە كىرىپ كېتىۋاتقانلارغا ھەۋەس قىلىپ، ئاشۇ قەسر ئەتراپىدا دىۋانىدەك ئايلىنىپ يۈرەلەيدۇ. بىراق... «ئۇ مېنى ياخشى كۆرەمدىكىن، ئازراق بولسىمۇ...» دەيدىغان بىر سوئال ئۇنىڭ خىيالىدىن كەتمەيدۇ. ئاشۇ كۈنى دەريا بويىدا ئۇنى ئۇچراتتى، قەلبىدىكى ئۆلۈم ئىستىكى ئاللەقاياقلارغا ئۇچۇپ كەتتى. ئۇ خۇددى يولدىن ئاداشقان بىچارە ئەما ئىدى. قوللىرىنى ئىشەنچلىك ھالدا ئەنۋەرگە سۇندى. ئۇ ئۇنى قوللىرىدىن تۇتۇپ قۇياش نۇرىغا چۆمگەن دالىغا، ۋاڭ-چۇڭلۇق، قايناق، بەختىيار ھايات كوچىسىغا ئېلىپ كىردى. ئەمما بۇ يەردە ھەممە ئادەمنىڭ ئۆزىگە تېگىشلىك ئورنى، ئىسسىق ئۇۋىسى، مۇھەببىتى، خۇشاللىق ۋە قايغۇلىرى بار، ئۇنىڭ بولسا قايغۇدىن باشقا ھېچ نەرسىسى يوق.

ئۇ پەقەت بېشىغا كېلىدىغان ھەممە ئازاب-ئوقۇبەتنى سۈكۈت ئىچىدە تارتىشقا، ئۆز مۇھەببىتىنى، قايغۇ-ئەلىمىنى قەلبىنىڭ چوڭقۇر قاتلىرىغا يوشۇرۇشقا مەجبۇر.

خىيالىدا ئۆزى بىلەن ئۆزى سۆزلىشىپ ئولتۇرغان يۇلتۇز ئىشىكنىڭ چېكىلگىنىنى، ئاپىسىنىڭ ئەنۋەر بىلەن پاراڭلاشقان ئاۋازىنى ئاڭلىمىدى. تۇيۇقسىز بېشىنى كۆتۈرۈپ، ئالدىدا ئۆزىگە قاراپ كۈلۈپ تۇرغان ئەنۋەرنى كۆرۈپ چۆچۈپ كەتتى.

ئۇلار كۆزلىرى بىلەنلا سالاملاشتى. شۇ ئارىلىقتا ئۇ ئەنۋەرنىڭ چېچىنى چىرايلىق ياساتقىنىنى، ئۇچىسىغا ئۆزى كۆرۈپ باقمىغان ئاق يىپەك كۆڭلەك كىيىۋالغانلىقىنى كۆردى.

ئەنۋەر خۇددى ئىشىكنى توسىۋالماقچى بولغاندەك ئىككى قولىنى كەرگىنىچە سەل ئېگىشىپ، ئىشىكنىڭ يان ياغىچىغا ئېسىلىپ تۇراتتى.

يۇلتۇز بېشىنى تۆۋەن سېلىپ قولىدىكى ئىشىنى داۋاملاشتۇردى. ئۇنىڭ ھەممىنى ئىپادىلەيدىغان نۇرلۇق كۆزلىرىنى ئۇزۇن، قويۇق كىرپىكلىرى توسىۋالدى، ئوتتۇرىغا تېپىشماقتەك سىرلىق، ئېغىر سۈكۈت چۈشتى.

— ئىچكىرىگە ماڭماقچى بولۇۋاتىمەن، ئۆزۈم بېرىپ ئۇكامنىڭ ئىز-دېرىكىنى قىلىپ كېلەي دەيمەن، — دېدى ئەنۋەر بىر پەس جىملىقتىن كېيىن.

— يول بولسۇن، ئىشىكىمىز ئوڭغا تارتسۇن، — دېدى يۇلتۇزمۇ بېشىنى كۆتۈرمەيلا.

— ۋاقتىڭىز بولسا، دەريا بويى تەرەپلەرنى ئايلىنىپ كېلەيلى، مەن ئالدىڭىزدا ماڭغاچ تۇراي... چىقامسىز؟

يۇلتۇزنىڭ يۈرىكى دۈپۈلدەپ سوقۇپ كەتتى. ئۇ بېشىنى كۆتۈرمىسىمۇ ئەنۋەرنىڭ ئۆزىگە تىكىلگەن كۆز نۇرىنى سېزىپ تۇراتتى. نامەلۇم بىر تۇيغۇ ئۇنىڭغا بۈگۈن ئالاھىدە بىر ئىشنىڭ يۈز بېرىدىغانلىقىدىن بېشارەت بېرىۋاتقاندەك ئىدى.

ئۇلار دەريا بويىغا ئېلىپ بارىدىغان يالغۇز ئاياغ يولدىن چەتنەپ ئادەمسىز، جىمجىت يېزا يولىغا چۈشتى. بۇ، قىزىق ئاپتاپ تەپتىدىن قاغجىراپ كەتكەن، ھارۋا، ۋېلىسىپىت، ماشىنا، تراكتورلارنىڭ چاقى كاتاڭ قىلىۋەتكەن توپىلىق يول ئىدى. يولنىڭ بىر تەرىپىدە پاكار چاتقال دەرەخلەر خۇددى تامدەك قويۇق ئۆسكەن، يەنە بىر

تەرچى ياز ئاپتىپىدىن رەڭگى ئۆچكەن
سارغۇچ، كۆلرەڭ، جىگەررەڭ، يېشىل ئوت -
چۆپلەر ۋە كۆرۈمسىز ياۋا گۈللەر بىلەن
قاپلانغان تەبىئەتمۇ ئوتلاق ئىدى. ئارىدىلاپ
يىكتەك تۈز، تەكشى بوي تارتقان كۆمۈش
رەڭ سۆۋادان ئورمانلىقلىرى چېلىقاتتى.
ۋالىلداپ تۇرغان نەيزىدەك تىك ئۆز غوللار،
ياپيېشىل يوپۇرماقلار ئارىسىدىن تۆكۈلگەن
قۇياش نۇرىدا ئاپئاق تۇمان بىلەن تولغان-
دەك كۆرۈنىدىغان، ئاستىنى شاخ - شۇمبا
ۋە قۇرۇغان يوپۇرماق باسقان كىچىككىنە
ئورمانلىق كىشىگە خۇددى ئۇستا رەسسامنىڭ
قەلىمى ئاستىدىكى بىر پارچە مەنزىرە رە-
سىمدەك كۆرۈنەتتى. ئەنۋەر ئۇنى ئاشۇ مەن-
زىرە رەسىمنىڭ ئىچىگە باشلاپ كىردى.
ئىككىيلەن خۇددى ئۆزلىرىگە ئوخشاش ياش،
يۇمران ئىككى تۈپ دەرەخكە يۆلىنىپ، بىر -
بىرىگە يۈزلىنىپ تۇرۇشتى. ئۇلارنىڭ
پېشانىسىدە، مەڭزىلىرىدە ئاپئاق قۇياش
نۇرى ئوينايتتى (مەنزىرە رەسىم تېخىمۇ
مۇكەممەللەشتى، جانلاندى). يۇلتۇز بەكمۇ
گۈزەللىشىپ كەتكەن ئىدى، كۆزلىرى يۇل-
تۇزدەك چاقنايتتى، ئىككى مەڭزى بىلىنەر-
بىلىنمەس قىزارغان ئىدى. دەل باش ئۈستى-
دىن، ئېگىز دەرەخ شاخلىرى ئارىسىدىن
كونۇس شەكلىدە چۈشۈپ تۇرغان نۇر ئېقىمى
گويا نېپىز، تىترەپ تۇرغان ئاق رومالغا،
خۇددا ئۇنىڭغىلا ئەۋەتكەن تويلۇق رومالغا
ئوخشايتتى. بۇ كۆرۈنۈشتىن ئەنۋەرنىڭ يۈ-
رىكى تىترەپ كەتتى.

ئۇ، يۇلتۇزدىن كۆزلىرىنى ئالالماي قالدى.
ئۇ ئۇنىڭ كۆزلىرىدە ياپيېشىل ئورمانىنى،
قۇياش نۇرىنى، ئۆزىنى، ئۆز ھاياتىنى،
قۇدرىتى بىلەن ھەممىنى ئېرىتىۋېتىشكە
قادىر بولغان كۈچلۈك مۇھەببەتنى كۆردى.
بۇ، قىزنىڭ قەلبىدە بىخ سۈرگەن پاك، ھە-
قىقىي تۇنجى مۇھەببەت ئىدى. نەچچە ئاي-
لاردىن بېرى يىگىتنىڭ قەلبىنى ئېغىر يۈك-
تەك بېسىپ، ئازابلاپ كەلگەن ئىككىلىنىش،
دىلىغۇللۇق نەلەرگىدۇر غايىب بولدى. ئۇ
خۇددى چۈش كۆرۈۋاتقاندەك، قوللىرىنى
ئۇزىتىپ، كۆز ئالدىدىكى ئاپپاق نۇر ئېقىمى
ئىچىدە تىترەپ، ئېرىپ كېتىۋاتقاندەك كۆرۈن-
گەن ۋۇجۇدنى قۇچاقلىماقچى بولدى. ئەمما ئۇ-
نىڭ قولى سۇنۇلغان پېتى قالدى. يېقىنلا يەردىن
ئاڭلانغان ماتورنىڭ گۈرۈلدىگەن ئاۋازى خۇددى
بىر شۇملۇقنىڭ بېشارىتىدەك ھەر ئىككىي-
لەننى كۆرۈۋاتقان چۈشلىرىدىن ئويغىتى-
ۋەتتى. ئۇلار تەڭلا سەكرىنىپ يولغا قاردى.
ئاپتاپلىق يولدا قاتارلىشىپ كېلىۋاتقان
موتسىكلىتلار كەينى - كەينىدىن سەت ئاۋاز
چىقىرىپ تۇختىدى. موتسىكلىتلارنىڭ
يېنىدا ئېگىز بوي، تەمبەل تۆت ئەر كىشى
ئۇلارغا قاراپ تۇراتتى. ھەممىسىلا قارا
كۆزەينەك تاقىغان، ساقاللىرى ئۆسۈك،
تۇرقىدىن ياۋۇزلۇق چىقىپ تۇرىدىغان
كىشىلەر ئىدى.

— ئەخمەتنىڭ ئادەملىرى! - دېدى يۇلتۇز
ۋەھىمە ئىچىدە. ئۇنىڭ چىرايى ئۆلۈكنىڭكى-
دەك تاتىرىپ كەتكەن ئىدى. بۇ ئۇزۇندىن بېرى
يۇلتۇزنىڭ كۆڭلى تۇيۇپ كەلگەن ئىش ئىدى.
ئەمما ئۇ بۇ ئىشنىڭ دەل مۇشۇ پەيتتە،
مۇنچىۋالا تۇيۇقسىز يۈز بېرىشىنى ئويلى-
مىغان ئىدى.

— قورقماڭ، يۈرۈڭ، ئاۋۋال چوڭ يولغا
چىقىۋالايلى، قېنى ئۇلار بىزنى نېمە قىلى-
ۋېتەلەركىن...

ئۇ ئەنۋەرنىڭ سۆزىنى چۈشىدە ئاڭلىغان-
دەك قىلدى. ئۇلار قول تۇتۇشۇپ چوڭ يولغا
چىقتى. موتسىكلىتلار ئۇلار بىلەن تەڭلا
قوزغالدى ۋە سەت غارقىراپ ئىككىسىنى
ئوراپ ئايلىنىشقا باشلىدى، ئايلىنىش دائى-
رىسى بارغانسېرى تارايماقتا ئىدى. ئەنۋەر
يۇلتۇزنى ئارقىسىغا ئۆتكۈزۈۋېتىپ،

چاقىقانلىق بىلەن يول بويىدىن يوغان بىر پارچە
تاشنى ئالدى، موتىسىكىلىتلار چىرقىرىغاندەك
ئاۋاز چىقىرىپ توختاشتى.

بىر تەرەپتە توت ئەر كىشى، يەنە بىر
تەرەپتە بىر يىگىت بىلەن بىر قىز.

توت ئەر كىشى خۇددى غايەت زور ماشىنا
ئادەملەردەك ئۇ ئىككىسىنى قاپسىپ كەل-
مەكتە.

ئۇلار يېقىنلاشتى. يىگىت قولىدىكى تاشنى
ئۇلارنىڭ بىرىگە قارىتىپ ئاتتى - دە، قىزنى
تارتىپ قاچماقچى بولدى، ئەمما قاچالمىدى.
ئۇلار ئۇنى تۇتۇۋېلىشتى، خۇددى قۇم قاچى-
لانغان خالتىنى مۇشتلىغاندەك ئۇيياقتىن
بۇياققا ئىتتىرىپ ھارغۇچە مۇشتلاشتى، پۇت-
لىرى ئاغرىغۇچە تېپىشتى، دەسسەشتى، قىز
ئېيىقتەك يوغان بىر ئەر كىشىنىڭ قولىدا
تىپىرلايتتى، ۋارقىرايتتى، جان - جەھلى
بىلەن ئۇنىڭ قولىدىن يۇلقۇنۇپ چىقماقچى،
يىگىتنىڭ يېنىغا ئېتىلماقچى بولاتتى. ئۇنىڭ
قاپقارا ھەم قويۇق چاچلىرى چۇۋۇلۇپ چىر-
رايىنى توسۇپلا ئالغان ئىدى. ئەر كىشى
ئۇنىڭ چاچلىرىدىن قامالاپ تۇتۇۋېلىپ،
بېقىنلىرىغا، قۇلاق تۈۋىگە بىر نەچچە مۇشت
سالدى. قىز جىمىقتى.

كۆزنى يۇمۇپ ئاچقۇچە ئەتراپ ئىلگىرىكى
جىمجىتلىق ھالىتىگە قايتتى. قۇياش ئىلگى-
رىكىدەكلا ئۇز نۇرىنى ئايىماي چاچماقتا
ئىدى. ئوخشىمايدىغان يېرى، يول ئۈستىدە
بىر يىگىت، سەل نېرىدا بىر قىز ياتاتتى.
قىز قاپقارا چاچلىرىنى يېيىلدۇرۇپ قۇياشلىق
ئاسمانغا قاراپ ياتاتتى. باش - كۆزى قانغا
مىلەنگەن يىگىت ئېچىنىشلىق بىر ھالەتتە
پۈكلىشىپ دۈم ياتاتتى. يىراقتىن بۇ
مەنزىرە بەكمۇ سۈرلۈك ھەم ھەيۋەتلىك
كۆرۈنەتتى.

* * *

باش - ئۇچى، چېكى يوق دەھشەتلىك قاي-
نام. ئۇ ئەشۇ قايىنامدا گويا بىر تال ياپراق-
تەك لەيلەپ يۈرەتتى، ئاسمان - پەلەك دول-
قۇنلار ئۇنى كۆمۈپ تاشلىماقچى، تۇنجۇقتۇر-
ۋەتمەكچى بولاتتى، ئۇيان - بۇيانغا ئاتاتتى.
ئۇ بوغۇلاتتى، تۇنجۇقاتتى، ئاخىرقى كۈچىگى-
چە ئۇمىدنىڭ كۈچى بىلەن بېشىنى دولقۇن-
لار ئارىسىدىن چىقىرىپ: «قۇتۇلدۇرۇڭلار!»
دەپ توۋلايتتى، ئېسىلىۋالغۇدەك بىر نەرسە
ئىزدەپ قوللىرىنى ھەر يان ئۇزىتاتتى.
بىراق، ئەتراپتا چەكسىز قۇم بارخانلىرىدەك
دولقۇنلاپ تۇرغان سۇدىن، قاپقارا بۇلۇتلار
دەريا دولقۇنلىرىدەك ئۈزۈپ يۈرگەن ئاسمان-
دىن باشقا ھېچنەرسە كۆرۈنمەيتتى، ھېچ-
نەرسە كۆرۈنمەيتتى...

تۇيۇقسىز ئۇ ئەنۋەرنى كۆرۈپ قالدى! ئۇ
قىرغاقتا، بۇلۇتلار تۈرۈلۈپ ئېقىۋاتقان
يىراق ئۇپۇققا قاراپ كېتىۋاتاتتى، قەددى
مۈكچەيگەن، قەدەملىرى بەكمۇ ئېغىر ئىدى.
ئۇنىڭ توۋلاشلىرى، نالە - پەريادىنى، يېلى-
نىشلىرىنى ئاڭلىمايتتى ياكى ئاڭلىسىمۇ
بۇرۇلۇپ قارىمايتتى.

كەچكە يېقىن ئۇ راستىنلا چوڭقۇر ئۇمىدسىز-
لىك ئىچىدە ۋارقىراپ ئويغىنىپ كەتتى. ياس-
تۇقى، چاچلىرى كۆز يېشىدىن ھۆل بولۇپ
كەتكەن ئىدى. ئۇ چۈشكە ئىشىنەتتى. تۈنۈ-
گۈن ئۇ ئەنۋەرنى دوختۇرخانىغا ئورۇنلاش-
تۇرۇپ، ئۆيىگە خەۋەر قىلىشقا ئادەم ئەۋەت-
كىنىچە ئارىلىقتا خاراموش بىر ھالەتتە
چېپىپ يۈردى. ئەنۋەرنىڭ ئاپىسى بالامدېسە،
بالام دەپ يىغا - زارە قىلىۋاتقاندا بىر چەتتە
قاراپ تۇردى. ئۇ شۇ يەردە تۇرغاندىمۇ،
چىقىپ كېتىۋاتقاندىمۇ ھېچكىم ئۇنىڭغا نەزەر-
گۆزىرىنى سېلىپ قويمىدى، ماۋۇ كىم؟ دەپ
سوراپمۇ قويمىدى. ئەكسىچە، ئۇ ئۇلارنىڭ
كۆزىدىن بىر خىل دۈشمەنلىك تۇيغۇسىنى
كۆردى. ئۆيىگە قايتىپ كېلىپلا بېشىنىڭ
لوقۇلداپ ئاغرىۋاتقانلىقىنى سەزدى، كېچىچە

ئوت - كاۋاپ بولۇپ قىزىپ قورقۇنۇچلۇق چۈشلەر ئىلكىدە قىينىلىپ چىقتى. ئۇنىڭ چۈشلىرى بىرلاخىل ئىدى، كۆزلىرىنى يۇمسىلا دەھشەتلىك قاينام ئىچىگە كىرىپ قالاتتى، تۇنجۇقاتتى، بوغۇلاتتى...

ئەتىسى ئەتىگەندە ئەنۋەرنى يوقلاپ دوختۇرخانىغا كەتكەن گۈلسۈمخان بىردىنلا قېرىپ مۈكچەيگەن، ئىچىگە پاتماي قالغان دەرد - ئەلەمدىن سارغىيىپ كۆزلىرى پىلىلداپ قالغان ھالەتتە قايتىپ كەلدى. يۇلتۇزنىڭ كارىۋىتىدا ئولتۇرۇپ:

— بالام، بۇ گەپلەر ئېغىر كەلسىمۇ ئۇچۇقىنى دەي، خەقلەر بىزنى كۆزىگە ئىلمايدىكەن، قىزىڭلار ئوغلىمىزنىڭ لايىقى ئەمەس، ئۇنىڭ ئارقىسىغا كىرىۋالمىسۇن... دەيدۇ، بۇ گەپلەرنى بەك ئىچىڭگە ئېلىپ كەتمىگىن، — دېدى. يۇلتۇزغا كۆزىنىڭ قىرىدا بىر قاراپ قويۇپ يەنە قوشۇپ قويدى، — ھە راست، ئەنۋەرنىڭ ئەھۋالى خېلى ياخشىلىنىپ قاپتۇ. مەن بارسام كۆزىنى ئېچىپ يېتىپتۇ. شۇغىنىسى، يۈز - كۆزى بەك تونۇغۇسىز بولۇپ كېتىپتۇ... خەقلەرگىمۇ ئۇۋال، ئۆزىنىڭ يۈرەك پارىسى خەقنىڭ قىزىنى دەپ تاياق يەپ ئۆلەر ھالغا كېلىپ قالسا، ئاتا - ئانا بولغۇچى چىدامدۇ...

يۇلتۇز كۆزىدىكى لىق ياشنى يوشۇرۇش ئۈچۈن كۆزىنى يۇمغان ئىدى، كىرپىكلىرى ئارىسىدىن ئىككى تامچا سۈزۈك ياش تامچىسى سىرغىپ چىقىپ چاناقلىرىدا توختاپ قالدى. نېمىشقىدۇر ئۇنىڭ يادىغا ھېلىقى ئاپئاق، بۇغدايچىلىك پارقىراق نەرسە كەلدى. ئۇ، كىشىنى ئازابتىن خالاس قىلاتتى، ئۇنىڭ يادىكى ھەممە غەم - ئەندىشىلەرنى ئۇنتۇلدۇراتتى، بولۇتلار ئۈستىدە پەرۋاز قىلدۇراتتى. يۇلتۇز شۇنى چۈشىنىپ يەتتىكى، ئىنسان بەزىدە بۇ دۇنيانى، ئۇنىڭدىكى ھەممە ياخشىلىق - يامانلىق، خۇشاللىق - خاپىلىقلارنى ئۇنتۇپ كېتىشكە، بىر پەسكە بولسىمۇ روھىي جەھەتتىكى ئازادلىككە مۇھتاج ئىكەن. شۇ سەۋەبتىن ئەنۋەر ئېيتقاندەك: «بەزى ئىرادىسىز كىشىلەر» ئەنە شۇ ئېھتىياجىنىڭ قۇربانىغا ئايلىنىپ كېتىدىكەن. بىراق يۇلتۇز ئەمدى ئۇ يولغا ماڭماسلىقى، ئۇنداق «ئىرادىسىز»لاردىن بولماسلىقى كېرەك. مەيلى پۈتۈن دۇنيا ئۇنى تاشلاپ كەتسىمۇ، مەيلى ئاسمان ئۆرۈلۈپ، يەر - جاھان كۆمتۈرۈلۈپ كەتسىمۇ...

* * *

يۇلتۇز نېپىز گىرىپىتىشىن كۆڭلەكنىڭ ياقىسىنى ئۈچىنچى قېتىم سۆكۈشكە باشلىغاندا ئاپىسى يەنە قايناشقا باشلىدى:

— ھوي نەس باسقان، خىيالىڭ نەدە دەيمەن سېنىڭ؟ بېشىمغا بىر بالا بولدىڭمۇ، يا ئەر ئالمىسا، يا خىزمەتكە ئالمىسا، شۇنداق تۇرۇقلۇق بىر ئىشقا تېخى كۆڭۈل قويماي دېمەسە...

يۇلتۇز بېشىنى تېخىمۇ تۆۋەن سالدى. ئاپىسىنىڭ ھەر بىر سۆزى ئۇنىڭ يۈرىكىگە خۇددى قىزىتىلغان زىختەك سانجىلاتتى، ئىچىنى قايناتاتتى، يارىسىغا تۇز سەپكەندەك ئازابلايتتى، شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، ئاپىسىنىڭ غەزىپىدىن قاردىغان، ئەسەبىيلەشكەن، غەلىتە قىيسايغان چىرايى، كېسەللەرچە چەكچەيگەن كۆزلىرى ئۇنىڭدا قورقۇنچ، ئىچ ئاغرىتىش ئارىلاشقان غەلىتە بىر خىل ھېسسىيات ئويغىتاتتى. جاۋاب قايتۇرغۇسى كەلمەي بېشىنى ئىچىگە تىققىۋالاتتى، يۈرىكىدىن قايناپ چىقىۋاتقان كۆز ياشلىرىنى كۈچ بىلەن يۇتۇپ ئۆزى بىلەن ئۆزى بوغۇلاتتى. ھېچبولمىسا، ۋارقىراپ - ۋارقىراپ ناخشا ئېيتىۋالسا - ھە. ئەمما ئاپىسى ئۇنىڭ ناخشا ئېيتىۋاتقىنىنى كۆرسىلا تۆت پۇتى ئۆرە قالىدۇ: «نېمانچە خۇشال بولۇپ كەتتىڭ؟ ئالدىرىما، ناخشا ئېيتقۇدەك بولسا، مەن ئۆلگەندە ئېيتارسەن» دەيدۇ.

ئۇنىڭ ئاپىسى ئىلگىرى مۇنداق ئەمەس ئىدى. ئەنۋەر ئۇلارنىڭكىگە كەلمەيدىغان بولغاندىن بېرى، يۇلتۇزنىڭ خىزمەتكە ئورۇنلىشىش ئارزۇسى بىر - بىرلەپ كۆپۈكتەك يوققا چىققاندىن بېرى ئۇ ئاشۇنداق بولۇپ قالدى. بۇ ئىشلارنىڭ ھەممىسىدە باشقىلاردىن ئاغرىنىشقا ھەققى يوقلۇقى يۇلتۇزغا ئايان. شۇڭا ئۇ ئاپىسىنىڭ تىل - ھاقارەتلىرىگە چىداشقا رازى، گەرچە دەردى ئۆزىگە يېتىپ ئاشسىمۇ.

ئەنۋەردىن ئۈزۈل - كېسىل ئايرىلىپ قالغانلىقىغا ئىشەنگەن كۈندىن تارتىپ يۇلتۇزغا خىياللا ھەمراھ بولدى. ئەنۋەر بىلەن ئۆتكۈزگەن ھەر بىر مىنۇت، ئۇنىڭ كۈلۈمسىرىشى، قاپىقىنى تۈرۈشى، گەپ قىلىشى، يول مېڭىشى، ئولتۇرۇش - قوپۇشلىرى يۇلتۇزنىڭ خىيالىدىن بىر - بىرلەپ ئۆتەتتى، تەكرارلىناتتى، ئۇنىڭ ھەر بىر ئېغىز سۆزىنى، ھەر خىل روھىي ھالىتىنى بىر - بىرىگە باغلاپ تەھلىل قىلاتتى، ئويلىناتتى، ئۇنىڭ قەلبىنى تېخىمۇ ئىچكىرىلەپ چۈشىنىشكە تىرىشاتتى. بىرلا نەرسىگە، ئەنۋەرنىڭ ئۆزىنى ياخشى كۆرىدىغانلىقىغا ئۇنىڭ ئىشەنچى كامىل ئىدى. ئۇلار بىللە بولغان چاغلاردا ئۇ يۇلتۇزغا ئالاھىدە يېقىنچىلىق قىلىپ كېتەتتى. ئۇنىڭ مىجەزى چۈشىنىكسىز، زىددىيەتلىك ئىدى. تۇرۇپلا خۇش چاقچاق، گەپدان بولۇپ كەتسە، تۇرۇپلا قاپاقلىرى سېلىنىپ شۈكلەپ كېتەتتى. بولۇپمۇ يۇلتۇزنىڭ ياكى ئاپىسىنىڭ مىننەتدارلىقىنى ئىپادىلەپ قىلغان سۆزلىرىنى ئاڭلاشنى خالىمايتتى. بىراق، ئۇلار ئۇ ئەمدى كەلمەيدىغان بولدى، دەپ ئۈمىدىنى ئۈزگەن كۈنلەردە، ئۇنىڭغا تازا ئېھتىياجلىق بولۇپ تۇرغان چاغلاردا پەيدا بولاتتى. بىر قېتىم ئۇ ساق يېرىم كۈن بىر ئېغىزمۇ گەپ قىلماي، پەقەتلا كەينى - كەينىدىن ئۇلاپ تاماكا چېكىپ ئولتۇرۇپ چىقىپ كەتكەن ئىدى. شۇ كەتكەنچە بىرەر ئايچە يوق بولدى، ئاخىرقى قېتىم كېلىپ يۇلتۇزنى ئايلىنىپ كىرىشكە تەكلىپ قىلدى، بىراق، يۇلتۇز ئۇنىڭ كۆڭلىدىكى گەپلەرنى ئاڭلاشقا مۇيەسسەر بولالمىدى، قارىغاندا، مەڭگۈ مۇيەسسەر بولالمىسا كېرەك. بىراق، ئۇ ئاشۇ ئورمانلىقتىكى قىسقىغىنە بىر نەچچە مىنۇتنى، ئەنۋەرنىڭ ئاشىقانە تىكىلگەن كۆزلىرىنى مەڭگۈ ئۇنتۇيالمايدۇ، ئۆلۈم ئالدىدىمۇ يىغلاپ تۇرۇپ ئاشۇ مىنۇتلارنى، ئاشۇ كۈنلەرنى ئېسىگە ئالىدۇ.

يۇلتۇز سىرتقا چىقىشنى، باشقىلارغا كۆرۈنۈشنى خالىمايتتى، مۇناسىۋەتلىك كىشىلەرنى ئىزدەپ بېرىپ: «مېنىڭ خىزمەت مەسىلەمنى ئويلىشىپ بولدۇڭلارمۇ؟» دەپ سوراشنى تېخىمۇ خالىمايتتى. شۇنداقلا ئۆزىنى ھەر قانچە مەجبۇرلىسىمۇ تىككۈچى بولالمايدىغانلىقى ئۇنىڭغا ئايان ئىدى. دېرىزىدىن كۆرۈنۈپ تۇرىدىغان كىچىككىنە دۇنيا، ئاپىسىغا كىيىم تىكتۈرگىلى كىرىدىغان چوڭ ياشلىق ئاياللار ئۇنى قىزىقتۇرالمايتتى. ئۇنىڭ خىيالى ئوڭغۇل - دوڭغۇل كوچا دوقمۇشىدىن، خارابە ئۆيلەردىن، غەيۋەت قىلىشتىن باشقىنى بىلمەيدىغان، چېپىلغاق، ئىسكەتسىز خوتۇنلاردىن ھالقىپ ئۆتۈپ يىراقلارغا كېتەتتى. ئۇ ئۆزىنى چوڭ شەھەرلەردە، مەغرۇر، كېلىشكەن، بىلىملىك قىز - يىگىتلەرنىڭ ئارىسىدا، ۋىژىلداپ ئايلىنىپ تۇرىدىغان سۈرەتكە ئېلىش ئاپپاراتىنىڭ ئالدىدا كۆرەتتى. چوڭقۇر خىيالغا پېتىپ بىر نۇقتىغا تىكىلىپ بىر ئولتۇرسا، قىلىۋاتقان ئىشىنى، يەۋاتقان تامىقىنى ئۇنتۇيتتى. ئۇنىڭ بۇ ھالىتى ئاپىسىنىڭ غەزىپىنى قوزغايتتى. بىر قېتىم ئۇ: «ھەي بەدبەخ، ھوشۇڭنى يىغ دەيمەن!» دەپ ۋارقىرىغىنىچە قولىدىكى يوغان قايچىنى يۇلتۇزغا قارىتىپ ئاتتى. قايچا يۇلتۇزنىڭ چېكىسىنى سىيپاپ ئۆتۈپ ئارقىسىدىكى تامغا سانجىلىپ قالدى.

ئالمىيە كەلدى. ئۇ يۇلتۇزغا يېڭى خەۋەر ئېلىپ كەلگەن ئىدى. ئۇنىڭ ئېيتىشىچە، شەھەردىكى ئىشسىز ياشلار مۇزىكا ئەترىتى تەشكىللەپتۇ. ئۇلارنىڭ بىر يۈرۈش ئېلېكترونلۇق چالغۇ ۋە مىللىي چالغۇلىرى بار ئىكەن. مۇشۇ كۈنلەردە توي - تۆكۈن، كۆڭۈل ئېچىشلارنى كۆتۈرە ئېلىپ، ئۆزلىرى ئۈنئالغۇ لېنتىسى ئىشلەپ تازا داڭ چىقىرىپتىمىش. ئۇلار يۇلتۇزدەك «كىنو چولپىنى»نىڭ ئۆز سېپىگە قوشۇلۇشىنى ئارزۇلايدىكەن، بۇنىڭ ئۈچۈن ئۇلار يۇلتۇزنىڭ ھەممە ئېھتىياجىنى قاندۇرۇشقا رازى ئىكەن.

يۇلتۇز بۇ پۇرسەتنى قولدىن بېرىپ قويماسلىق قارارىغا كەلدى. ئۇ ئەمدى ئۆزىنىڭ ھەقىقىي بولمىغان ئىشلاردىن تەمە قىلىپ يۈرمەسلىكى كېرەك. ئۇ ئىنتىلگەن، ئارزۇ قىلغان تۇرمۇش، ئادەملەر ئۇنى ياراتمىدى، تاشلاپ كەتتى. ئۇ ئۈمىدسىزلەنگەن، گويا ئۆزىنى پۈتۈن دۇنيا تاشلاپ كەتكەندەك يەككە - يېگانىلىق ھەسرىتىگە پاتقان كۈنلەردە ئۇنى پەس كۆرمەيدىغان بەلكى ئۇنىڭ غېمىنى يەيدىغانلار چىقىپ قالدى. ئۆز بەختى ھەم خۇشاللىقىنى ئاشۇلارنىڭ ئارىسىدىن قايتا تېپىۋالسا ئەجەب ئەمەس. بىراق ئۇ ئاپىسىنى قانداق قايىل قىلسا بولاركىن؟

دەرۋەقە، ئاپىسى ئۇنىڭ قانداقتۇر ناخشىچى بولىمەن دېگىنىگە جان - جەھلى بىلەن قارشى چىقتى. ئۇنىڭ چۈشەندۈرۈشلىرىگە، يالۋۇرۇشلىرىغا، كۆز ياشلىرىغا پەرۋا قىلمىدى. بىر توپ ئوغۇل - قىز ئىگە - چاقىسىز، تەشكىلسىز، كېچە - كۈندۈز بىللە يۈرسە، ئېيتىدىغىنى كۆيدۈم - پىشتىم، ئوينايدىغىنى بەل تولغايدىغان ئۇسسۇل بولسا، ئاقىۋىتى نېمە بولماقچىدى دەپ ئۆز گېپىدە چىڭ تۇردى. ئانا - بالا بىر - بىرىنى قايىل قىلالمىدى. ئاخىرى گۈلسۈمخان:

— گېپىمنى ئاڭلىمىساڭ ئۆيدىن چىق، ئاپام، سىڭلىم بارتى دېمە، مېنىمۇ سەندەك شەرمەندە قىزنى تۇغمىغان بولاي، سېنىدەك بالايى-ئاپەتتىن قۇتۇلاي، — دېدى.

يۇلتۇز ئۈن - تىنسىز نەرسە - كېرەكلىرىنى يىغىشتۇردى، سومكىسىنى ئېلىپ ئىشىكنى تاراقىدە يېپىپ چىقىپ كەتتى. يۇلتۇزنى راستىنلا چىقىپ كېتەر دەپ ئويلىمىغان گۈلسۈمخان ئۇنىڭ ئارقىسىدىن يۈگۈرمەكچى، ۋارقىراپ توختىتىۋالماقچى بولدى، ئەمما بېشى قېيىپ، كۆزى تورلاشقاندەك بولۇپ يۈگۈرەلمەي، ئەكسىچە تۇرغان يېرىدە موك چۈشۈپ ئولتۇرۇپ قالدى ۋە جىملى بولغىنىدىن يىغلىۋەتتى.

* * *

يۇلتۇز كوچىلاردا ئۇزاققىچە ئايلىنىپ يۈردى. ئۆيىنى تاشلاپ چىقماق ئاسان بولغان بىلەن، جان باقماق ئۇنىڭچىۋالا ئاسان ئىش ئەمەس. بۈگۈن ئاخشام نەدە ياتىدۇ؟ ئەتىچۇ؟ بۇنىڭدىن كېيىنچۇ؟ ئالمىيەنىڭكىدە بىر نەچچە كۈن تۇرسا بولار، ئەمما داۋاملىق تۇرۇۋېرىشكە بولمايدۇ - دە. ئۇ ئالمىيەنىڭ ياردىمىدە دەرھال ھېلىقى بالىلارنى ئىزدەپ تېپىشى كېرەك. ئۇ يەر كۆڭۈلدىكىدەك بولۇپ قالسا، ئىشلارنىڭ ئىزىغا چۈشكىنى شۇ. بىراق، ئىش ئۇنىڭ تەسەۋۋۇرىدەك چىقماي قالسىچۇ؟ ھازىرچە ئۇ بۇ خىل ئېھتىماللىقنى ئويلاشنى خالىمايتتى.

ئۇ ئالمىيەنىڭ ئۆيىدە بولمايدىغانلىقىنى بىلىپ تۇرسىمۇ، تەلەي سىناپ بېقىش ئۈچۈن ئۇنىڭ ئۆيىگە باردى. دەرۋەقە، ئۇ ئۆيىدە يوق ئىدى. ئۇ بەلكى قەھۋەخانىدىدۇ؟

ئاستا - ئاستا كەچ كىرمەكتە ئىدى. يوللار ئىشتىن چۈشۈپ ئۆيلىرىگە قايتىشىۋاتقان ۋېلىسىپىتلىك ۋە پىيادە كىشىلەر، ماشىنا - ئاپتوبۇسلار بىلەن تولغان ئىدى. ئاشۇ ئالدىراش، كۆڭۈللىرى توق، كۆڭلىگە قانداقتۇر مۇھىم ئىشنى پۈككەندەك كۆرۈنىدىغان كىشىلەر،

ئاندا - ساندا ئۆتۈپ قالىدىغان ھەشەمەتلىك پىكاپلار، قىزغىن ھەم تەنتەنىلىك ھايات قايناۋاتقان كوچا يۇلتۇزغا يات، يوچۇن كۆرۈندى. ئۇ ئاشۇ ھايات قوينىغا ئىنتىلگەن ئىدى، ئەمما ئۇ ھايات ئۇنى قوينىغا ئالمىدى. ئۇ خۇددى زور ئېقىننىڭ ئۈستىدە لەيلەپ قالغان، زور ئېقىن تەرىپىدىن چەت قولتۇق ياكى ساھىلغا سۈرۈپ تاشلانغان چاۋار، چاتقالدەك بىر چەتكە چىقىپ قالدى. ئۇ ئۆز ئالدىدا بىر يول ئېچىش، ئادەمدەك ياشاش ئۈچۈن يەنە قانچىلىك بەدەل تۆلەيدىكىن؟ ئۇنى يەنە قانداق پېشكەللىكلەر، دەرد - ئەلەملەر كۈتۈۋاتىدىكىن؟ ئۇنىڭ زەئىپ تېنى، دەرد - ئەلەمدىن پۈچۈلانغان يۈرىكى ئۇلارغا بەرداشلىق بېرەلەمدىكىن...؟

ئاسماننىڭ يېرىمىنى قاپلىغان كەچكى شەپەق نۇرى ئاپتوبۇسلار، بىنالارنىڭ دېرىزىلىرىدە، ماگىزىنلارنىڭ ئەۋرىشكە كۆزنەكلىرىدە چاقناپ، تۆت چاسا خىش ياتقۇزۇلغان دەرەخلىك كوچىغا خىيالى بىر مەنزىرە بەخش ئەتكەن ئىدى. ماشىنىلار، يولۇچىلار ئازىيىپ، يوللار بىردىنلا جىمىپ قالغاندەك بولدى. دەرەخلەرنىڭ بالدۇر سارغايغان يوپۇرماقلىرى نامازشام پەيتىنىڭ غۇر - غۇر شامىلىدا لەرزان ئۇچۇپ چۈشمەكتىدى.

يۇلتۇز ئېگىشىپ يەردىن بىر تال يوپۇرماقنى تېرىۋالدى - ساپسېرىق، تاۋاردەك پارقىراق، تومۇرلىرى ئېنىق كۆرۈنۈپ تۇرىدىغان، شامالنىڭ، ئاپتاپىنىڭ ھىدى كېلىپ تۇرغان يوپۇرماق ئۇنىڭغا بالىلىق ۋاقىتلىرىنى، ھېچنەرسىدىن غېمى يوق، ئويۇن بىلەن جاھاننى بېشىغا كىيىپ يۈرىدىغان چاغلىرىنى ئەسلەتتى. ئۇ خىيال بىلەن بولۇپ قانداقلارچە دەريا بويىغا كېلىپ قالغىنىنى سەزمەي قالدى. ئايىغى ئۇنى قانداقلارچە بۇ يەرگە باشلاپ كەلدىكىن، بىر يىلنىڭ ئالدىدا، دەل مۇشۇ كۈنلەردە، ھەممە ئىشتىن ئۈمىدىنى ئۈزگەن، ھاياتتىن بىزار بولغان بىر پەيتتە مۇشۇ يەرگە كەلگەن، ئەنۋەرنى ئۇچراتقان ئىدى. كىم بىلىدۇ، ئۇنى بۈگۈنمۇ ئۇچرىتىپ قالامدۇ تېخى. ئۇنىڭ يۈرىكى بىردىنلا دۈپۈلدەپ سوقۇپ كەتتى. ئۇ بۇنىڭ خام - خىيال ئىكەنلىكىنى بىلىپ تۇرسىمۇ، كۆۋرۈك تەرەپكە ئىنتىلىپ مېڭىپ كەتتى. ئەنە ھەيۋەتلىكچوك كۆۋرۈك، پەلەمپەي. ئۇ كۆۋرۈككە قەدەم قويۇشى بىلەنلا پۇتىدىن تارتقان بىر دىرىلدەش پۈتۈن ۋۇجۇدىنى تارىدى. ئۇ ئۆزىنى تەڭداشسىز زور كۈچنىڭ ئىلكىدە سەزدى. ئىختىيارسىز مۇزدەك سالاسۇنىنى چىڭ تۇتۇپ تۇرۇپ پەستە شىددەت بىلەن ئېقىۋاتقان سۇغا قارىدى. باش - ئۇچى يوق ئۇلۇغ سۇ خۇددى ھاياتقا ئوخشاش، غايىۋانە بىر كۈچنىڭ تۈرتكىسىدە تىنىمسىز ئالغا قاراپ ئاقاتتى. سان - ساناقسىز دولقۇنلار بىر - بىرىنى قوغلىشىپ، ئۈنچە - مارجان چاچرىتىپ، بىر كۆتۈرۈلۈپ، بىر يوقاپ، بىر - بىرىنىڭ ئىزىنى بېسىپ ئاشۇ ئۇلۇغ ئېقىننى ھاسىل قىلاتتى، ئۆز يولىدىكى ھەممە نەرسىنى رەھىمسىزلىك بىلەن ئۆزىگە غەرق قىلاتتى، ئېقىتىپ نامەلۇم مەنزىلگە ئېلىپ كېتەتتى، قېينىدىكى يات، جانسىز، يەڭگىل نەرسىلەرنى سۈرۈپ چىقىراتتى. يۇلتۇز شاۋقۇن سېلىپ ئېقىۋاتقان سۇغا دەھشەت ئىچىدە تىكىلىپ قالدى. قورقۇنچتىن تېنى شۈركۈنۈپ، ئىتتىك بېشىنى كۆتۈردى. سەل نېرىدا بەدىنىگە چاپلىشىپ تۇرىدىغان تارشىم، كونا چاقماق كۆڭلەك كىيگەن، چاچلىرى چۇۋۇق، شامالدا ئۇچۇپ كەتكىدەك ئاجىز بىر بەندە ئۇنىڭغا ھەيرانلىق ئىچىدە قاراپ تۇراتتى. ئۇ، يۇلتۇزنىڭ بېشىنى كۆتۈرگىنىنى كۆرۈپ شالاڭ، ساپسېرىق چىشلىرىنى چىقىرىپ كۈلگىنىچە:

- مەن تېخى سىزنى... مەن تېخى سىزنى

ئۆزىنى دەرياغا ئېتىۋالماقچى ئوخشايدۇ، دەپ ئويلاپ قاپتىمەن، — دېدى.

يۈلتۈز تۇرۇپلا قالدى. يۈلتۈز مۇشۇ يەردە بۇ سۆزنى ئەنۋەرگە قىلغان ئىدى. ئەنۋەر بۇرۇلۇپ قاراپ ھاڭ-تاڭ قالغان، كېيىن كۈلۈمسىرەپ: «خاتىرجەم بولۇڭ، مەن ئۆلۈۋالماقچى بولسام، ھەرگىز ئۆزۈمنى سۇغا ئاتمايمەن، مەن سۇ ئۈزۈشكە ئۇستا» دېگەن ئىدى. تەقدىرنىڭ ئورۇنلاشتۇرۇشىنى كۆرۈڭ. يۈلتۈز ئۆزىنىڭ سۆزىنى بۈگۈن ماۋۇ بىچارىنىڭ ئاغزىدىن ئاڭلاۋاتىدۇ. ئۇ ئالدىدىكى ئادەمگە ئىچ ئاغرىتىش ئارىلاش سەپسالدى. ئادەتتىكى ۋاقىتلار بولغان بولسا، ئۇ ئۇنىڭدىن يىرگەنگەن، «مەن بىلەن نېمە چاتىقىڭىز؟ يولىڭىزغا مېڭىڭ» دەپ تىللىغان، يۈزىگە تۈكۈرگەن بولاتتى. ھازىر ئۇنىڭدا ئۇنداق قىلغۇدەك جاسارەت يوق. ئۇ ئۆزىنىڭ ئۇنىڭدىن ئانچە كۆپ پەرقلىنىپ كەتمەيدىغانلىقىنى بىلىدۇ. ئۇنىڭ ئۇستىگە مۇشۇنداق بىر كېچىدە ئۇنىڭدەك بىر ھەمراھنىڭ بولغىنىمۇ بىر ھېسابتا ياخشى ئىش. ئۇ كۆۋرۈكنىڭ پەلەمپىيىدە سومكىسىنى ئېتىكىگە قويۇپ، تىزلىرى بىلەن ئېڭىكىنى تىرەپ ئولتۇردى. كۆزىنىڭ قۇيرۇقىدا قاراپ ھېلىقى ئادەمنىڭمۇ يېنىغا كېلىپ تۇرغىنىنى، بىر پەس ئىككىلىنىپ تۇرغاندىن كېيىن سەل نېرىدا ئولتۇرغىنىنى كۆرۈپ تۇردى.

ئۇ مۇڭلۇق بىر كۈيگە غىڭشىشقا باشلىدى. يۈرىكىدە ئۇنىڭ تېكىستىنى تەكرارلايتتى، ناخشا بىلەن تەڭ لۆمىدە ئوقچۇپ چىققان كۆز ياشلىرىنىڭ ئېقىپ كەتمەسلىكى ئۈچۈن كۆزلىرىنى چىڭىنىڭ بارىچە يوغان ئاچاتتى.

ئانام مېنى، دادام مېنى
نېمىشقا ئارزۇلاپتىكى.
مېنىڭ مۇنداق بولارىمنى،
نېمىشقا ئويلىماپتىكى.

......

— ئۈيىڭىزدىن قېچىپ چىققان ئوخشايسىز-ھە؟ — ئۇ ئۇنىڭ زەئىپ، تىترەڭگۈ ئاۋازىنى ئاڭلىدى.

— ھەئە، سىزچۇ؟

— مەنمۇ شۇنداق. ياق . . . ياق، ئۈيىنى تاشلاپ چىقتىم، خوتۇنۇم، خوتۇنۇم . . .

ئۇ خۇددى بىرىنچى خوتۇنى دۆڭگە يامىشىۋاتقان يۈك ئاپتوموبىلىدەك كۈچەپ، زېرىكەرلىك ئاھاڭدا بىر خىل غىڭشىپ سۆزلەيتتى. يۈلتۈز ئۇنىڭ گەپلىرىنىڭ بىرىنىمۇ پەرق ئېتەلمىدى. كېيىن ئىككىسى ئۇزاققىچە جىم ئولتۇرۇشتى. يۈلتۈز ئورنىدىن تۇرۇپ چوڭ كوچا تەرەپكە قاراپ ماڭغاندا، ئۇ بېشىنى تىزىدىن كۆتۈرۈپ ئۇنىڭ ئارقىسىدىن تەئەججۈپ، ئەپسۇسلۇق ئىچىدە قاراپ قالدى.

ئالمىيە تېخىچە ئۈيىگە قايتىپ كەلمىگەن ئىدى. كىم بىلىدۇ قاچان قايتىپ كېلىشىنى. يۈلتۈز ئۇنىڭ قەھۋەخانىدا ئىكەنلىكىنى بىلەتتى، ئەمما ئۇ يەرگە بېرىشنى خالىمايتتى. قاراڭغۇ چۈشۈپ كېتىۋاتاتتى، رەھىمسىز قاراڭغۇلۇق. ھايال ئۆتمەي ئۇ قارا قاناتلىرى بىلەن يەر-جاھاننى ئوراپلا ئالىدۇ. زېمىندىكى ھەممە رەزىللىكلەر، كۈن نۇرىدىن، يورۇقلۇقتىن، ئاشكارىلىنىشتىن قورقىدىغان ھەممە جىنايەت، شۇملۇقلار جانلىنىشقا، ھەرىكەتلىنىشكە باشلايدۇ. يامان، رەزىل ئادەملەر، كۆڭۈللىرى كىرسىز، ھالال كىشىلەرگە ئوخشاش كېچىلەرنى شېرىن ئۇيقۇ ئىچىدە ئۆتكۈزمەيدۇ. يۈلتۈز گۇناھكارلىق تۇيغۇسى ئىچىدە ئاپىسىنى، سىڭلىسىنى كۆز ئالدىغا كەلتۈردى. ياق، ئۇلارمۇ خاتىرجەم ئۇخلىيالمايدۇ، ئۇنىڭ — يۈلتۈزنىڭ سەۋەبىدىن. ئانىسى كارىۋاتنىڭ بېشىدا ئېڭىكىنى يۆلەپ، تىنماي ئۆھ تارتىپ ئولتۇرىدۇ. ئىشىكنىڭ ھەر بىر تىرىقلىشىدىن ئۈمىدلىنىپ، تالاغا نەچچە قېتىم يۈگۈرۈپ چىقىدۇ. پاك، ساددا،

ئاقكۆڭۈل سىڭلىسىنىڭ ئۇيقۇسىغا ۋەھىمە، بەختسىزلىك سايە تاشلاپ تۇرىدۇ.

كوچا چىراغلىرى ياندى. يولۇچىلار شالاڭ ئىدى. ۋېلسىپىتلىك ئەركىشىلەر ئۇنىڭ ئالدىغا كەلگەندە سۈرئىتىنى ئاستىلىتىپ، يەيدىغاندەك تىكىلىپ قارىشاتتى. كوچىنىڭ نېرىقى قېتىدىن ئىسقىرتقان ئاۋازلار ئاڭلىنىپ تۇراتتى. غەلىتە ياسانغان، بولۇشىغا گىرىم قىلغان ئىككى ئايال ئۇنىڭغا بېشىدىن ئايىغىچە سەپسېلىپ ئۆتۈپ كەتتى.

يۇلتۇز ئالدىراش ئىشى باردەك كۆرۈنۈشكە تىرىشىپ قەدىمىنى تېزلەتتى، كۆزىنى ئالدى تەرەپتىكى چوڭ يولدىن ئالمىدى. ئەمما ئۇ نەگە ئالدىرايدۇ؟!

تۇيۇقسىز يېقىنلا بىر كوچىدىن موتسىكلىتلارنىڭ تارتىلىدىغان ئاۋازى ئاڭلاندى. كېچە جىمجىتلىقىنى بۇزغان بۇ ئاۋاز دەھشەتلىك قۇيۇندەك، بوپبوش سېمونت كوچىلارنى، كۈز كېچىسىنىڭ تىنچ ئاسمىنىنى لەرزىگە كەلتۈردى. يۇلتۇزنىڭ يۈرىكى دۈپۈلدەپ سوقۇپ كەتتى. قورقىنىدىن ۋۇجۇدى مۇزلىغاندەك بولدى. كۆز ئالدىغا غىل - پال قىلىپ سۈتتەك ئاپئاق نۇرغا تولغان سۈۋادان ئورمانلىقى، تىنجىق ئىسسىقتا مىدىر - سىدىر قىلماي تۇرغان پارقىراق يېشىل يوپۇرماقلار، ئايىغى ئاستىدا غىرسىلاپ سۇنغان قۇرۇق شاخلار، بىر توپ دەرەخكە يۆلىنىپ قوللىرىنى ئۇزىتىپ تۇرغان ئەنۋەر . . . كۆرۈنگەندەك بولدى. ئۇ ئۆزىنى چەتكە ئېلىشقا ئۈلگۈرەلمىدى. بىر موتسىكلىت چىرقىرىغاندەك سەت ئاۋاز چىقىرىپ ئۇنىڭ يېنىدا توختىدى. ئارقىدىن يەنە بىرى، يەنە بىرى توختىدى. . .

* * *

يەنە قەھۋەخانا، غۇۋا يېنىپ تۇرغان رەڭلىك چىراغلار، بۇلۇڭ - بۇلۇڭدا ئولتۇرۇشقان قىزلار. ئەنە ئالىيە، كۆرۈنۈشىدىن ياقا يۇرتلۇقلۇقى چىقىپ تۇرغان بىر ئەركىشى ئۇنىڭ قوللىرىنى قايرىپ تۇتۇۋېلىپ، ئاغزىغا هاراق قۇيماقچى بولۇۋاتىدۇ. ئىككى يىگىتنىڭ ئوتتۇرىسىدا ئەركىلەپ ئولتۇرغىنى گۈزەل. پاتىمە، ئانار، زۇلپىيەلەر كۆرۈنمەيدۇ، ئۇلارنىڭ ئورنىدا ئوتتۇرا مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرىدەك كۆرۈنىدىغان بىر نەچچە كىچىك قىز ئولتۇرىدۇ. كىچىككىنە تۇرۇپ نەدە پىشقان قىزلاركىن، بىر قولىدا رومكا، يەنە بىر قولىدا تاماكا، ئەرلەرنىڭ كۆزىنىڭ ئىچىگە قاراشلىرىچۇ تېخى. ئۇلارنىڭ ئارىسىدىكى كېيىملىرى ئاددىي بوتا كۆز قىز ھەممىسىدىن ساددا بولسا كېرەك، بەلكىم بۆرى ئاغزىدىن قۇتۇلۇپ يولۋاسقا تۇتۇلغان بىر بىچارىدۇ. ئاشۇ يەردە ئولتۇرىدۇ-يۇ، خىيالى بىر يەردە ئەمەس، ئۈركىگەن كىيىكتەك چۆچۈپ، كىملەرگىدۇر يالۋۇرغاندەك قارايدۇ. گاھىدا كۆزلىرى لىققىدە ياشقا تولۇپ يىغلىۋېتىدىغاندەكلا كۆرۈنىدۇ.

نىگار پۇكەينىڭ يېنىدا ئۆرە تۇرىدۇ، يەنىلا شۇ كىشىنى مەپتۇن قىلىدىغان، مەڭگۈ تېگىگە يەتكىلى بولمايدىغان كۈلۈمسىرىشى بىلەن. بۇ يەرگە پات - پات كېلىدىغان تۇڭگان يىگىت بىلەن كۇسۇرلىشىپ سۆزلىشىۋاتىدۇ. يۇلتۇز ئۇ يىگىتنى كۆپ كۆرگەن. ئىلگىرى ئۇ قاردەك ئاپئاق ساقىلى مەيدىسىگە چۈشۈپ تۇرىدىغان ئۇزۇن يۈزلۈك بىر تۇڭگان بوۋاي بىلەن بىللە كېلەتتى. كېيىن بوۋاي كەلمەيدىغان بولدى. ئاڭلاشلارغا قارىغاندا، ئۇ ئىچكىرىدە چەت ئەللىكلەر تۇرىدىغان مېھمانخانىدا تۇرارمىش...

يۇلتۇز قارىداپ ئىششىپ كەتكەن قاپاقلىرى ئاستىدىن نىگارغا ۋە ئۇنىڭ ئالدىدا مەنىلىك ھىجىيىپ تۇرغان تۇڭگانغا نەپرەت بىلەن تىكىلدى. ئۇلار نەقەدەر خۇشال، مەمنۇن-ھە. بەلكىم رەزىل، جىنايەتلىك سودىدىن بىرنى پۈتتۈرگىنى ئۈچۈن شۇنچە خۇشالدۇ. تۇنۇگۈن ئەخمەت ئۇنىڭ كاچاتلىرىغا

سېغىنىۋاتقاندا نىگار خۇددى ھازىرقىدەكلا كۈلۈمسىرەپ، يۈزلىرىنى ئالماپ، تاماكىسىنىڭ ئىسسىنى ھالقا - ھالقا قىلىپ پۈۋلەپ ئولتۇرغان ئىدى. ئۇنىڭ كۈلۈمسىرىشى خۇددى: «يەنە كۆرۈشتۇقمۇ، قانداق، قېچىپ نەگە بارالىدىڭ؟ بىزدىن قۇتۇلالمايسەن قىزچاق، خىيال چاغلىما» دەۋاتقاندەك تۇيۇلاتتى. يۈلتۈز ئۇنىڭ ئولتۇرۇشلىرىغا چىدىمىدى، زادى چىدىمىدى. يىرتقۇچتەك ئېتىلىپ بېرىپ جان - جەھلى بىلەن ئۇنىڭ گېلىنى بوغدى. باشقىلار نېمە بولغىنىنى ئاڭقىرالماي گاڭگىراپ قالغان ئاشۇ پەيتتە، ئۇ ئىنتىقام ئېلىش، ئۇنىمۇ، ئۆزىنىمۇ ھالاك قىلىش ئىستىكى بىلەن لاۋۇلداپ يېنىپ خۇدىنى يوقاتتى. يوپۇرۇلۇپ كېلىپ ئۇنى تۇتۇۋېلىشمىغان بولسا، ئۇ بەلكىم نىگارنى ئۆلتۈرۈپ قويغان بولاتتى. ئۇنىڭ گېلىدىكى قويۇق ئىزرتۇلگەن ئۈپىنىڭ ئاستىدىنمۇ كۆرۈنۈپ تۇرغان قىزىل داغلار ئەنە شۇنىڭ ئىسپاتى. ئۇلار ئۇنى سۆرەپ ئېلىپ كەتتى. بوغۇزلايدىغان قويىنى تۇتقاندەك، پۇت - قوللىرىنى بېسىپ تۇتۇۋېلىپ بېلىكىگە بىر تال ئوكۇل سالدى. ئەخمەقلەر، نىگارلار كۆز ئالدىدىن غايىب بولدى. ئۆزىنى خىيالى بىر ئالەم قۇچىقىغا ئالدى..

يۈلتۈزنىڭ كۆز ئالدىدىكى ھەممە گويا قاپقارا چۈشكە ئوخشايتتى. يەنە بىر تۇرمۇش- ئانىسى، سىڭلىسى، ئەنۋەر، ئۇنىڭ كىنو چولپىنى بولۇش ئارزۇسى، ناخشىلىرى ئۇنىڭدىن بەكمۇ يىراق بىر يەرلەردە قالدى. بەلكىم ئۇلارنىڭ ھەممىسى ئۇنىڭ چۈشىدۇر. ئەسلى تۇرمۇش دېگەن ھازىرقىدەك بولىدىغاندۇ ياكى ئۇ تۇغۇلۇشىدىنلا پېشانىسىگە مۇشۇ يول، مۇشۇنداق ياشاش پۈتۈلگەندۇ...

ئۇ ئويلاشتىن، كاللا ئىشلىتىشتىن، سەگەك يۈرۈشتىن قورقىدىغان بولۇپ قالدى. چېقىر كۆز ھەر كۈنى كېلەتتى. ئۇنى ئالىي دەرىجىلىك ئاشخانىلارغا، تانسىخانىلارغا باشلاپ باراتتى. خالىغان نەرسىسىنى ئېلىپ بېرەتتى. بەزىدە ئۇنى شەھەر سىرتىدىكى بىر قەۋەتلىك خىلۋەت بىر قورۇغا باشلاپ باراتتى.

سىرتقى كۆرۈنۈشى ئەتراپتىكى ئۆيلەردىن ھېچقانچە پەرقلەنمەيدىغان بۇ ئۆينىڭ ئىچى باشقىچە دۇنيا ئىدى. يەرگە سېلىنغان ئۇزۇن مويلۇق يېشىل گىلەمنىڭ ئۈستىدە ماڭسا كىشى ئۆزىنى قويۇق چىملىقتا يۈرگەندەك سېزەتتى. دېرىزە ئالدىغا قويۇلغان تورۇسقا تاقىشاي دەپ تۇرىدىغان يوغان بېلىق قاچىسىدا ئۈزۈپ يۈرگەن قىزىل، يېشىل، سېرىق، ئالتۇن بېلىقلار كىشىگە سىرلىق دېڭىز ئاستى دۇنياسىنى ئەسلىتەتتى. تاملارغا ھوللىۋود كىنو چولپانلىرىنىڭ چوڭايتىلغان سۈرەتلىرى ئېسىلغان ئىدى. ئەينەكلىك ھاراق ئىشكاپى يۇلتۇزلاردەك ئۆچۈپ - يېنىپ تۇرغان رەڭدار چىراغلارنىڭ ئارىسىدا بوتۇلكىسى ۋە پىيالىلىرى ئالاھىدە كۆزگە تاشلىنىپ تۇرىدىغان چەت ئەل ھاراقلىرى بىلەن تولغان ئىدى.

بەزىدە بۇ يەرگە چېقىر كۆزنىڭ ئورغۇن دوستلىرى - چەت ئەل پەلتۇسى، تېرە پىدژاك كىيىشكەن كېلىشكەن يىگىتلەر بىلەن ئاجايىپ - غارايىپ ياسانغان، بولۇشىچە گىرىم قىلغان قىزلار كېلەتتى. ئۇلار كەڭ ھەم يۇمشاق دىۋاندا، لۆم - لۆم كارىۋاتلاردا ئۆزلىرىنى تاشلاپ يېتىشىپ، چەت ئەللەرنىڭ شەھۋانىي سىنئالغۇ لېنتىلىرىنى كۆرۈشەتتى، ھاراق ئىچىشەتتى، تانسا، دىسكو ئوينايتتى، ھارغان ۋاقىتلىرىدا ئەپچىللىك بىلەن بىر - بىرىنىڭ بېلىكىگە خىروين سۇيۇقلۇقى ئوكۇلى ئۇرۇشاتتى - دە، ياتقىنى ياتقان، ئولتۇرغىنى ئولتۇرغان يەردە چۈش كۆرۈشكە باشلايتتى. يۈلتۈز ئاشۇلارنىڭ ھەممىسىنىڭ دېگۈدەك چېقىر كۆزگە قەرزدار ئىكەنلىكىنى بىلەتتى. ئۇلار ئۇنىڭ قولىدىن ئالىدىغان بىردەملىك ھوزۇر ئۈچۈن زور بەدەل تۆلىشى كېرەك ئىدى. ئۇلار چېقىر كۆزگە قايتۇرىدىغان ئاشۇ پۇللاردا ئاتا - ئانىلار-

نىڭ قان - يېشى، دەپسەندە قىلىنغان ئىنسانىي غۇرۇر، يوقىتىلغان ئىپپەت - نومۇس ۋە ئىنسان دېلىپىدىن چىققان جىنايى قىلمىشلارنىڭ ئۆچمەس تامغىسى بار ئىدى. يۇلتۇز ئۇلارنىڭ بەزىلىرىنىڭ ئارتىس، ئالىي مەكتەپ ئوقۇغۇچىسى ئىكەنلىكىنى، يەنە بەزىلىرىنىڭ ھۆكۈمەت كادىرلىرى ئىكەنلىكىنى بىلەتتى، ئۇلارنىڭ ئىچىدە ھەتتا بىر ساقچىمۇ بار ئىدى.

داۋاملىق كېلىدىغان، ئورۇقلۇقتىن ئارانلا ماڭغۇدەك ھالغا كېلىپ قالغان، دىۋانە سىزبەت بىر يىگىت بار ئىدى، چېقىر كۆزنىڭ ئەتراپىدا ئىتتەك ئايلىنىپ يۈرەتتى، ھەيدىسەمۇ كەتكىلى ئۇنىمايتتى، ئۇنىڭ پۇتلىرىغا ئېسىلىۋېلىپ، كىيىمىنىڭ پەشلىرىگە سۆيەتتى، ئۇنىڭ ئىتائەت، قۇللۇق، ئىلتىجا ئىپادىلىنىپ تۇرىدىغان چوڭقۇر كۆزلىرىگە قارىغان كىشىنىڭ يۈرەك باغرى ئېزىلىپ كېتەتتى. ئاڭلاشلارغا قارىغاندا، بىر نەچچە يىل ئىلگىرى ئۇ مۇشۇ شەھەردىكى ئەڭ چوڭ سودىگەرنىڭ بىرى ئىكەن. كاستۇم كىيىپ، گالستۇك تاقاپ، پوكەيدە ئولتۇرىدىغان بولسا، دۇكانغا كىرگەن قىز - چوكانلار ئۇنىڭ ئەتراپىدىن كېتەلمەيدىكەن. ئۇنىڭ گۈزەلجۈدىكى سەتەڭ قىز - چوكانلارنىڭ ئارىسىدىمۇ ئاجايىپ داڭقى بار ئىكەن، ئۇلار ئۇنى بىر - بىرىدىن قىزغىنىپ جېدەللىشىپمۇ كېتىدىكەن. بەختكە قارشى بىر قېتىم ئاشۇلاردىن خېروئىن چېكىشنى ئۆگىنىۋاپتۇ. ئەنە شۇ كۈندىن تارتىپ تاپقان ھەممە دەسمايىسىنى شۇنىڭغا سەرپ قىلىپ، ئىككى يىلغا قالماي پاك - پاكىزە تۈگىتىۋېتىپتۇ، يەنىلا ئۆزىنى تۇتالماي كېكىردىكىگىچە قەرزگىمۇ بوغۇلۇپتۇ. تۆت بالىسى بار ئىكەن، خوتۇن - باللىرىنى ئويلاش ئۇياقتا تۇرسۇن، ئۆيىدىكى قولغا چىققان نەرسىنى ئەپچىقىپ ساتىدىكەن، بەزىدە ئوغرىلىقمۇ قىلىدىكەن...

بىر كۈنى كېچىسى يۇلتۇز چېقىر كۆزدىن سوراپ قالدى:

- ئېيتقىنا پەرھات، شۇنچە كۆپ ئادەم قاراپ تۇرۇپ كېرەكتىن چىقىپ كېتىۋاتسا، تۈگىشىپ كېتىۋاتسا ... ئاشۇ پۇللار قولۇڭنى كۆيدۈرمەمدۇ؟

- ئەخمەق خوتۇن خەق دېگەنزە ... مەن نېمىشقا قورقىدىكەنمەن؟ ئوغرىلىق قىلىپتىمەنمۇ، بۇلاڭچىلىق قىلدىممۇ؟ خەق مېنى ئىزدەپ كېلىدۇ، سېتىپ بەرسەڭ، دەپ يالۋۇرىدۇ. شۇنداق بولغاندىكەن ساتماي قانداق قىلاتتىم؟ بىراۋ ئۆلۈۋېلىشنى خالىسا، سەن ئۇنى ئۆلۈۋېلىشقا مەجبۇر قىلغان سەۋەبنى ئىزدىسەڭ، ئۇنىڭغا پىچاق سېتىپ بەرگۈچىنى ئىزدىسەڭ توغرا بولامدۇ؟

- نېمىلا دېسەڭ دە، سېنىڭ قىلىۋاتقىنىڭ قاتىللىق ... جىنايەت، ھامان بىر كۈنى سېنى بوغۇزلىۋېتىدۇ، سەندىن ئۆچ ئالىدۇ ... ئاشۇلارنىڭ ... ئۆلۈپ كەتكەنلەرنىڭ ئەرۋاھى سېنى گۆرۈڭدىمۇ تىنىچ ياتقىلى قويمايدۇ.

- مەن ساڭا دەپ قوياي، ئۇلار مېنى ئۆلتۈرەلمەيدۇ، بەلكى جان تىكىپ قوغدايدۇ، چۈنكى مەن بولمىسام ئۇلار بىر مىنۇتمۇ ياشىيالمايدۇ، ھا - ھا - ھا... مەن ئاشۇلارنىڭ خۇداسى، ئۇقتۇڭمۇ؟

- ئېيتقىنا، بۇ نەرسە سەندە جىقمۇ؟

- قانچىلىك دېسەڭ شۇنچىلىك!

ئۇ ئۆزى تۇيمايلا بېشى بىلەن تۆردىكى يوغان رەسىم رامكىسىنى كۆرسەتتى. يۇلتۇز ئاشۇ رامكىنىڭ ئارقىسىدا بىر مەخپىي ئىشكاپنىڭ بارلىقىنى بىلەتتى، ئەمما ئۆزىنىڭ ئۇنى بىلىدىغانلىقىنى يوشۇراتتى، ئاياللارغىلا خاس بىر خىل سەزگۈرلۈك ئۇنىڭغا بۇ ئىشكاپنىڭ ناھايىتى مۇھىملىقىدىن بېشارەت بېرەتتى.

* * *

يۇلتۇز ئۆزىنىڭ ھامىلدار بولۇپ قالغانلىقىنى سەزدى.

ئۇ كىچىك ۋاقتىدا ئاپىسى بىلەن مەھەللىدىكى ئاياللارنىڭ ئاغزىدىن قايسىبىر بەڭباش قىزنىڭ توي قىلماي تۇرۇپ قورساق كۆتۈرۈپ قالغانلىقى توغرىسىدىكى پاراڭلىرىنى كۆپ ئاڭلىغان ئىدى. ئاشۇ ئىشتىن كېيىن خېلى ۋاقىتلارغىچە يۇلتۇز ئۇ قىزدىن يىرگىنىپ

يۈرگەن، ھەتتا بىر قېتىم ئاشۇ قىز ئۇنى دوستلىرىنىڭ ئالدىدا ئەركىلىتىپ قويغىنى ئۈچۈن نومۇس قىلغىنىدىن يىغلاپ كەتكەن. مانا ئەمدى ئۆزى ئۇنىڭدىنمۇ بەتتەر ھالغا چۈشۈپ قالدى. ئاشۇ قىزغا بەلكىم چىن مۇھەببەت، ھەممىنى ئۇنتۇلدۇرىدىغان، ھەممىدىن كەچتۈرىدىغان ھەقىقىي ھېسسىيات سەۋەبچى بولغان بولغىيدى. شۇڭا ئۇ كىشىلەرنىڭ لەنەت - نەپرىتىگە قارىماي توققۇز ئاي قورساق كۆتۈرۈپ ياخشى كۆرگەن كىشىسىنىڭ يادىكارى— پەرزەنتىنى يورۇق دۇنياغا كۆز ئاچتۇردى، ئۇزۇن يىللارغىچە توي قىلماي ئاشۇ پەرزەنتىنى بېقىپ چوڭ قىلدى. يۇلتۇز قانداقمۇ ئۇنىڭغا تەڭ بولالىسۇن!

پەرھات ئۇنىڭ ھامىلدار بولۇپ قالغىنىنى ئۇقۇپ، بۇلۇتلۇق ئاسماندەك تۇتۇلۇۋالدى. ھەممە ئىشقا يالغۇز يۇلتۇز سەۋەبچىدەك ھەدېمەلا ئۇنى ئەيىبلەيدىغان، قىرىدىچە، يېنىچە تېگىدىغان بولۇۋالدى. ئۇنىڭغا دوختۇر ئاياللارنىڭ قوپال مۇئامىلىسى، سىلىكىشلىرى، نومۇس، ھايا دېگەننى (ئۇنىڭدىمۇ ئۆزىگە چۈشلۇق بار - دە) بىر چەتكە قايرىپ قويۇپ، بىر توپ پراكتىكانت دوختۇرلارنىڭ ئالدىدا بوغۇزلىنىدىغان قويدەك بىتۆۋۈل بولۇپ يېتىشلار ئانچە تەسىر قىلمىدى. پەقەت پەرھاتنىڭ ئۆزىگە يىرگىنىپ قارىشلىرى، قاپىقىنى تۈرىۋېلىپ، پۇرقىرىتىپ تاماكا چېكىپ ئولتۇرۇشلىرى زەردىسىنى قايناتتى.

يۇلتۇز ئالمىيەنىڭ ئۆيىدە 15 كۈن ياتتى. بۇ جەرياندا پەرھات بىر قېتىممۇ كېلىپ قويمىدى. ئۇ پەرھاتنىڭ بىر نەچچە ئاي بىللە ئۆتتۈشكەنىنىڭ يۈزىنى قىلىپ بولسىمۇ بىر كېلىپ قويۇشىنى، بىر نەچچە ئېغىز گەپ بىلەن بولسىمۇ ھال سوراپ قويۇشىنى كۈتكەن ئىدى. ئۇ بىر ئادەمنىڭ قانداقلارچە بۇ قەدەر ھېسسىياتسىز، بىپەرۋا بولۇشى مۇمكىنلىكىنى ھېچ تەسەۋۋۇر قىلالمايتتى. ئادەم دېگەندە بىر مەزگىل تۇرغان شەھەر، يېتىپ - قوپقان ئۆي، ھەتتا ئىشلەتكەن نەرسىلەرگە نىسبەتەنمۇ ھېسسىيات بولىدۇغۇ...

— مەن بىر گەپ ئاڭلىدىم، بىراق كۆڭلىڭىزنى يېرىم قىلماي، — دېدى، ئالمىيە ئۇنىڭغا بىر كۈنى، — پەرھات ئالماقچان بىرنى تېپىۋاپتۇ. باشقىلارنىڭ ئېيتىشىچە، 15 - 16 ياشلاردىكى كىچىككىنە قىز ئىمىش، بەك چىرايلىق دېيىشىدۇ. بىراق، بىزدەكلەرنىڭ ھەممىمىزنىڭ تەقدىرى ئوخشاش، دوستۇم توختاپ تۇر، تېخى ئاشۇ قىز بالىنىمۇ كۆرىمىز...

— ئەمدى ئۆيۈڭگىمۇ قايتالمايسەن، — دېدى بىر پەستىن كېيىن يەنە، — مۇھتاجلىق يامان نەرسە، سەن بىلەن بىزنىڭ قولىمىزدىن باشقا ئىش كەلمەيدۇ. باشقا ئىشقىمۇ چىدىمايمىز. بىز دېگەن ئىچىمىز، چېكىمىز، ئۇنىڭدىن ئايرىلساق ھايات كەچۈرەلمەيمىز. ئويلاپ باقسام، مۇشۇنچىلىك چىرايىمىزنىڭ بارىدا ئاز - تولا پۇل تېپىۋالغىنىمىز تۈزۈك ئىكەن، ئاز - تولا دەسمايە توپلىۋالساق، كېيىنچە بىرەر ئوقەت قىلساقمۇ، قېرىغاندا بىۋى بولۇپ بەش ۋاق نامىزىمىزنى ئوقۇپ ئولتۇرساقمۇ بىر گەپ...

يۇلتۇز يېقىندىن بېرى تونۇغۇسىز دەرىجىدە ئۆزگىرىپ كېتىۋاتقان ئالمىيەگە سىنچىلاپ قاراردى. شۇ تاپتا ئۇ ئەينەكنىڭ ئالدىدا ئولتۇرۇپ پەرداز قىلىۋاتاتتى. ئۇنىڭ قاپاقلىرىدا، لەۋلىرىگە سۈرۈۋاتقىنى ھازىر ياۋروپادا مودا بولۇۋاتقان كىرىمۇش رەڭ گىرىم. گۇاڭجۇدا ئۇنىڭ بىر قۇتىسىلا 90 نەچچە يۈەندىن سېتىلارمىش. ئاۋۇ فرانسىيە ئەتىرىمۇ 60 يۈەندىن كەم توختىمايدۇ. ئۇنىڭ ئۇچىسىغا كىيىۋالغىنىمۇ مودا كىيىم ماگىزىنلىرىدىمۇ تېپىلمايدىغان چەت ئەل ماللىرى. بويىنىدىكى ئالتۇن زەنجىرلىك مېدالىيون، قوللىرىدىكى قوش - قوش ئۈزۈكلەرچۇ، ئېسىل ئۆي جاھازىلىرى، رەڭلىك تېلېۋىزور، ئۈنئالغۇ دېگەندەكلەرچۇ، تېخى. قىمارۋاز ئۆگەي

دادىسىدىن ئۇنىڭغا قالغىنى پەقەتقۇرۇق تۆت تام ئىدىغۇ. قىزلار نىگارنى ھەممىدىن باي دېيىشەتتى. ئۇلارنىڭ ئېيتىشىچە، ئۇرۇمچىدىكى ئەردوچوزىدا ئۇنىڭ چوڭ بىر دۇكىنى بارمىش، دۇكاننى ئۇنىڭ ئاكىسى ۋەكالىتەن باشقۇرارمىش. نىگارنىڭ باي بولۇشى تۇرغان گەپ. قەھۋەخانىدا خېرىدارلارغا بىرەر قىزنى تونۇشتۇرۇپ قويغىنى ئۈچۈنلا ئۇلاردىن 100 يۈەن سوغۇرۇۋالىدۇ. ئۇنىڭدىن باشقا ئۇنىڭ ئەخمەتلەر بىلەن شېرىكلىشىپ قىلىدىغان نۇرغۇن خۇپىيانە سودىلىرى بار. تۇڭگانلاردىن، پاكىستانلىقلاردىن سېتىۋالىدىغان «ئاق تاماكا»نىمۇ نىگار پارچىلاپ قىزلارغا تارقىتىپ بېرىدۇ، قىزلار ئۆزلىرى بىللە بولغان خېرىدارلارغا ساتىدۇ، ئۇلارنىڭ ئاساسلىق كىرىمى شۇنىڭدىن كېلىدۇ. ئانىيە، گۈزەل، زۇلپىيەلەرنىڭ يېقىندىن بېرى باشقىچە بېيىپ كېتىشىنىڭ سەۋەبى شۇ يەردە. ئىلگىرى ئۇلار نىگارلار، ئەخمەتلەرگە قارشىلىقمۇ قىلاتتى، بەزىدە مىللەت، ۋەتەن ھەققىدىكى گەپلەرنىمۇ قىلىشىپ قوياتتى. ھازىر پۇل، «ئاق تاماكا»دىن باشقا گەپ قىلمايدۇ. ئالىيە — يۇلتۇزنىڭ بىر چاغلاردىكى يېقىن دوستى — ئۇنى ئۆيىدىن ئالداپ چاقىرىپ چىقىپ ئەخمەتلەرگە تۇتۇپ بەرگەن ئىدى (ئۇ گەرچە بۇنىڭ ئەخمەتلەرنىڭ ھىيلىسى ئىكەنلىكىنى ئىللا - بىللا بىلمەيتتىمەن، دەپ تۇرۇۋالغان بولسىمۇ)، بۈگۈن يۇلتۇزنى ئۆزلىرى ماڭغان يولدا مېڭىشقا ئۈندەۋاتىدۇ. بۇ گەپنى نىگارمۇ بىر قانچە قېتىم دىرىتتى. ئۇلارنىڭ گېپىنىڭ تېگىدە: ئۆزۈڭنى ھەر قانچە ئېسىل چاغلىغىنىڭ بىلەن، باشقىلارنىڭ نەزەرىدە سەنمۇ بىزگە ئوخشاش بىر بۇزۇق ئايال، خالاس. ساڭا بىزگە ئەگىشىشتىن باشقا يەنە قانداق يول بار؟ دېگەن مەنە بار ئىدى.

* * *

يۇلتۇزنى ناخشا ئاۋازى ئويغىتىۋەتتى.

ئۇنىڭ كاللىسى تاشتەك ئېغىر ئىدى، ئىككى چېكىسى لوقۇلداپ ئاغرىۋاتاتتى. ئۇ كۆزىنى ئېچىپ ھەيرانلىق بىلەن سەپسالدى. ئەينىكى كىرلىشىپ كەتكەن كىچىككىنە دېرىزە، تام تۈۋىدىگە قويۇلغان قوپال كۆك شىرە... ئۇنىڭ ئۈستىدە يەپ ئېشىپ قالغان توخۇ گۆشى، كاۋاپ، يوتازىلار، قۇرۇق ھاراق بوتۇلكىلىرى چېچىلىپ ياتىدۇ . . . ئۇنىڭ يېنىدا يات بىر ئەر كىشى ئۇخلاۋاتىدۇ...

يۇلتۇز ئۆزىنىڭ بۇ ئادەم بىلەن ئاخشاملا قەھۋەخانىدا كۆرۈشكەنلىكىنى، ئۇنىڭغا ئەگىشىپ بۇ چەت مېھمانخانىغا كەلگەنلىكىنى تەستە ئېسىگە ئالدى.

سەھەردىلا قوشنا ياتاقتا بىرى ئۈنئالغۇ قويۇۋاتاتتى. ئەرچە دېسە ئەرچە ئەمەس، ئايالچە دېسە ئايالچە ئەمەس تىترەك بىر ئاۋاز:

كېتەرمەنغۇ، كېتەرمەنغۇ،
بۇ ئالەمدىن كېتەرمەنغۇ.
ھەر قانچە يامان بولسام،
كۆزۈڭدىن يىتەرمەنغۇ.

دەپ كۈيلەيتتى، ئارقىدىن بىر مۇنچە كىشىلەر ھەر خىل ئاۋازدا:

كېتەرمەنغۇ، كېتەرمەنغۇ،
ئۇ ئالەمگە كېتەرمەنغۇ.

دەپ تەكرارلايتتى.

ناخشىنىڭ تېكىستى يۇلتۇزغا باللارچە، كۈلكىلىك تۇيۇلدى — ئەمەلىيەتتە، راستىنلا ئۇ ئالەمگە كېتىدىغان ئادەم ھەرگىزمۇ ئۇ ئالەمگە كېتىمەن، دەپ جاكارلىمايدۇ.

ئۇ يېنىدا پۇشۇلداپ ئۇخلاۋاتقان ئوتتۇرا ياشلىق ئەر كىشىنى ئويغىتىۋەتمەسلىك ئۈچۈن كارىۋاتتىن چاققانلىق بىلەن تۇرۇپ، ئورۇندۇقنىڭ يۆلەنچۈكىگە ئارتىپ قويۇلغان كىيىملىرىنى ئالدىراپ كىيىشكە باشلىدى. ئۇ ئادەم ئويغىنىپ ئاخشامقى ئىشلارنى ئەسلەپ: «قىزچاق، ھېلىقى ئىشنى خاتا قىپتىمەن، پۇلۇمنى قايتۇرۇۋەتسىڭىز» دەپ قېلىشىدىن، ئۆزىنىڭ ئۇنىڭ كۆزلىرىگە قاراپ

سېلىپ ئازابلىنىشىدىن، پۇشايمان قىلىشىدىن بۇرۇنراق بۇ يەردىن كېتىپ قېلىش كېرەك. شۇ تاپتا ئۇنىڭ يېنىدا توپتوغرا 5 مىڭ يۈەن بار. ئۇ ئەمدى بالىلىق قىلماسلىقى، ئۇزۇن بەدەل ئارقىلىق كەلگەن مۇنداق پۇرسەتلەرنى قولدىن بېرىپ قويماسلىقى كېرەك. بىراق... ئۇ، ئالقانلىرىغا مەڭزىنى قويۇپ بىر خىل پۇشۇلداپ ئۇخلاۋاتقان، تۇرقىدىن ساددىلىقى چىقىپ تۇرغان ئادەمگە قاراپ كۆڭلىدە سەل ئىككىلىنىپ قالدى.

ئاخشام ئىككىيلەن ياتاقتا خېلىغىچە يېيىشىپ-ئىچىشىپ ئولتۇردى. ئۇ يولتۇزغا ئۆزىنىڭ چەت بىر ناھىيىدىن كەلگەن مال سېتىۋالغۇچى ئىكەنلىكىنى، خىزمىتىنىڭ جاپالىقلىقىنى، بىراق، ئايالىغا كۆڭۈلسىز، ئۆيدە تۇرغۇسى كەلمەيدىغان بولغاچقا بۇ خىزمەتنىڭ جاپاسىمۇ كۆزىگە كۆرۈنمەيدىغانلىقىنى سۆزلەپ بەردى. ئۇنىڭ سۆزلىرىنى ئاڭلاپ يولتۇز ھەيىقىدا كۈلۈپ قويدى. ئۇ ھەر قانداق ئەر كىشىنىڭ باشقا بىر ئايالنىڭ ئالدىغا كەلگەندە ئايالىغا كۆڭلۈم يوق دەيدىغانلىقىنى بىلەتتى. ئۇ، يالقۇنىنىڭ ئايالى بارلىقىدىن خەۋەر تاپقان كۈنى، يالقۇنمۇ ئۇنىڭغا: «مېنى قانداق قىل دەيسەن، مەن ئايالىمنى قىلچىمۇ ياخشى كۆرمەيمەن» دېگەن ئىدى.

يولتۇز ئۇ كىشىدىن نەچچە بالىڭىز بار، دەپ سورىغان ئىدى، ئۇ بىر پەس تۇرۇپ كېتىپ، بەش بالام بار، دەپ جاۋاب بەردى. بالىلىرىنىڭ گېپىنى چىقارغاندا ئۇنىڭ چىرايى بىر خىل ھەقىقىي ئاتىلىق ھېسسىيات، مېھرىبانلىقتىن يورۇشۇپ كەتكەندەك بولدى. كېيىن ئۇلار بەك جىق ھاراق ئىچىشتى. يولتۇز ئۇنىڭغا كىشىنى غەمدىن خالاس قىلىپ، جەننەتنىڭ پەيزىنى سۈرگۈزىدىغان «ئاق تاماكا»نىڭ گېپىنى چىقارغان ئىدى، ئۇ ئادەم مەيدىسىگە مۇشتلاپ تۇرۇپ بىراقلا 5 مىڭ يۈەنلىك سېتىۋالماقچى بولدى. كېيىنىنىڭ بىر يەرلىرىنى كوچىلاپ پۇلنى تېپىپ يولتۇزنىڭ قولىغا تۇتقۇزدى. ئاشۇ پۇل شۇ تاپتا يولتۇزنىڭ قولىنى، ياق، ۋىجدانىنى كۆيدۈرۈپ ئۆرتەۋاتىدۇ. بىر تەرەپتە بەش نارەسىدىنىڭ بەختى - ئىستىقبالى، يەنە بىر تەرەپتە يولتۇزنىڭ، ئانىسىنىڭ ۋە سىڭلىسىنىڭ مەنپەئىتى. ئۇ ئىككى تەرەپنىڭ بىرسىدىن ۋاز كېچىشى كېرەك. ئۇ بىر ئادەمنى ئوتقا ئىتتىرمەكچى، ئۇنىڭ خوتۇن - بالىلىرى (بەلكىم تېخىمۇ كۆپ كىشىلەر)نى ۋەيرانلىق، بەختسىزلىك كوچىسىغا ئىتتىرمەكچى بولۇۋاتىدۇ. ئۇ ئىنسانىي پەزىلەتلىرىنى يوقىتىپ شۇ ھالەتكە كېلىپ قالدىمۇ؟ بىر چاغدا ئۇ بىرسىگە: «سېنىڭ قىلىۋاتقىنىڭ قاتىللىق، جىنايەت...» دېگەن ئىدىغۇ؟ بىراق، يەنە بىر ئاۋاز ئۇنىڭ ۋىجدانىغا قارشى سۆزلەيدۇ: بۇ دۇنيادا ئەڭ قۇدرەتلىك نەرسە -پۇل، كۆرمەيۋاتامسەن؟ پۇل دېمەك — ھەقىقەت دېمەكتۇر. پۇلۇڭ، ھوقۇقۇڭ بولسىلا، مەيلى قانچىلىك رەزىل، گۇناھكار ئادەم بولۇشۇڭدىن قەتئىينەزەر ئادەملەر ئاياغ ئاستىڭدا ئۆمىلەيدۇ، پۇتلىرىڭنى سۆيىدۇ. يېڭىلگۈچى، ئاجىز، بىچارە بولساڭ ھەممە ئادەم كېلىپ بېشىڭغا دەسسەيدۇ. قېنى، بۇ ھاياتتىن، ئادەملەردىن نېمە خۇۋلۇق كۆردۇڭ؟ پۇلۇڭ، كۈچۈڭ بولمىغاچ ھايات سېنى چەتكە قاقتى، ئادەملەر پەس كۆردى، خورلىدى. ئەجەبا ئۇ ئاشۇ ھاياتتىن، ئادەملەردىن ئۆچىنى ئېلىۋالسا نېمىشقا بولمايدىكەن!

ئەر كىشى بىر ئۆرۈلۈپ غودۇڭشۇپ نېمىلەرنىدۇر دېگەندەك قىلدى -دە، خورەك تارتىشقا باشلىدى. يولتۇز پۇتىنىڭ ئۇچىدا دەسسەپ بېرىپ ئىشىكنى ئاچتى. كارىدور ئادەمسىز، جىمجىت ئىدى. پەقەتلا ئۈنئالغۇ ئاۋازى ئاڭلىنىپ تۇراتتى، ئەمما بۇ قېتىمقىسى يولتۇز ئاڭلىمىغان يېڭى ناخشا ئىدى.

* * *

يولتۇز ئالدىنقى ئاخشىمى بىللە بولغان تۈركىيىلىك مۇھاجىر يىگىتنى ساقلاپ

ئولتۇراتتى. تۈركچە بىلەن ئۇيغۇرچىنى ئارىلاشتۇرۇپ ناھايىتى چۈچۈك سۆزلەيدىغان، ئەدەبلىك، بەكمۇ سېخىي بۇ يىگىت ئەخمەتلەرنىڭ ئەتىۋارلىق مېھمىنى ئىدى.

ئالدىنقى كۈنى چۈشتە ئۇ گىرۋەكلىرىگە مېتال قاپلانغان چىرايلىق كىچىك چامادانىنى كۆتۈرۈپ قەھۋەخانىغا كىرىپ كەلگىنىدە ئەخمەت بىلەن نىگار پايپېتەك بولۇپ قىلىدىغان قىلىق تاپالماي قېلىشتى، بىردەمدىلا چېقىر كۆزنىمۇ چاقىرىپ كېلىشتى. بىراق، تۈركمىلىك يىگىت ئۇلارنىڭ ھېچقايسىسىغا نەزەرىنى سېلىپ قويمىدى، بىر بۇلۇڭدا ئولتۇرغان يۇلتۇزنى كۆرۈپ ھاڭ - تاڭ بولغاندەك ئۇنىڭغا تىكىلىپ قاراپلا قالدى.

ئىككىنچى قەۋەتكە چىقىپ ئەخمەتلەر بىلەن ئىشنى پۈتتۈرۈپ قايتىپ چۈشۈپلا ئۇ تۇتتۇر يۇلتۇزنىڭ ئالدىغا كېلىپ:

— خېنىم، مەن بىلەن بىرلىكتە قەھۋە ئىچىشنى خالامسىز؟ — دەپ سورىدى.

نىگار ئۇنىڭ ئارقىسىدىن پايپاسلاپ كېلىپ:

— بۇياق تۈركمىلىك ئەزىز مېھمىنىمىز تۇرسۇن ئەپەندى بولىدۇ. تۇرسۇن ئەپەندى، كۆزىڭىز بار ئىكەن جۇمۇ، يۇلتۇز خېنىم شەھىرىمىزدىكى گۈزەللەرنىڭ گۈلتاجىسى، ئۇنىڭ بىلەن بىرگە بولسىڭىز كۆڭلىڭىز چوقۇم ئىنتايىن مەنىلىك ئۆتىدۇ، — دېدى.

شۇ ئاخشىمى تۇرسۇن ئەپەندى يۇلتۇزنىڭ يۈزىنى ئالقانلىرى ئارىسىغا ئېلىپ، كۆزلىرىگە ئۇزاقتىن - ئۇزاق تىكىلدى، خۇددى ئۆز - ئۆزىگە سۆزلەۋاتقاندەك قىلىپ:

— خۇدانىڭ كارامەتلىرىگە ھەيرانمەن، يۇلتۇز خېنىم سىز مېنىڭ بىر نەۋرە سىڭلىم ساجىدەگە قۇيۇپ قويغاندەك ئوخشايدىكەنسىز، ئۇ ئۆلۈپ كەتكەندىن بېرى دۇنيا كۆزۈمگە قاراڭغۇ كۆرۈنەك تۇيۇلىدىغان بولغان ئىدى، بۈگۈن سىزنى كۆرۈپ خۇددى ئۆچكەن ئۈمىد يۇلتۇزۇمنى قايتا كۆرگەندەك بولۇۋاتىمەن، — دېگەن ئىدى.

تۇرسۇن ئەپەندى يۇلتۇز ئۈچۈنمۇ ئۈمىد يۇلتۇزى بولۇپ كۆرۈندى. ئۇ تۇرسۇن ئەپەندى بىلەن تېخىمۇ چوڭقۇرراق تونۇشۇش، ئۇنىڭ ياردىمىدە چەتئەللەرگە چىقىپ كېتىشنى نەقەدەر ئارزۇ قىلاتتى - ھە.

قەھۋەخانىنىڭ تۆرىگە ئېسىلغان سائەت 12 گە داڭ ئۇردى. يۇلتۇز تىنچسىزلىنىپ ھەدەپ ئىشىك تەرەپكە قارايتتى، كېلىشكەن، باي، رومانتىك تۇرسۇن ئەپەندىنىڭ:

— كەچۈرۈڭ خېنىم، ئۇزاق ساقلىتىپ قويدۇم، — دەپ ئالدىغا كېلىشىنى تۆت كۆزى بىلەن كۈتەتتى.

قەھۋەخانىنىڭ ئىشىكى ئېچىلدى. ئۆزلىرى بىلەن بىر مۇنچە سوغۇق ھاۋانى ئېلىپ بىر جۈپ قىز - يىگىت كىرىپ كەلدى. يۇلتۇز قېتىپ ياسىنىۋالغان پەرھاتنى ئاسانلا تونۇدى. نەزەرى ئۇنىڭدىن تېز يۆتكىلىپ يېنىدىكى قىزغا تىكىلىپ قالدى. ئۇ كىمكىنە؟ راستىنلا كىچىككىنە قىز ئىكەن، بىراق گىرىمىنىمۇ بولۇشىغا قىپتۇ. بىر يەرلىرى تونۇشتەك كېلىدىغۇ؟ ئۇلار سەل نېرىدىغا بېرىپ ئولتۇرماقچى بولۇشتى. قىز ئاقۇش تۈلكە ياقىلىق قىزىل پەلتوسىنى سالدى. شۇ ھامان قويۇق، قاپقارا چاچلىرى سېلىنىپ چۈشتى. قىزنىڭ ئۇزۇن يېپەك كۆڭلىكىگە قاراپ يۇلتۇزنىڭ يۈرىكى «قارتىدە» قىلىپ قالدى. بۇ ئۇنىڭ ھېلىقى كۆڭلىكى شۇغۇ! ئۆيىدىن چىقىدىغان چاغدا ئېلىۋېلىشقا ئۇلگۈرەلمىگەن...

قىز «لاپ» قىلىپ ئارقىسىغا قارىدى. ئۇلارنىڭ كۆزلىرى ئۇچراشتى. يۇلتۇزنىڭ ئالدىدا سىڭلىسى قۇندۇز تۇراتتى! شۇنداق، ئۇنىڭ ئالدىدا تۇرغىنى باشقا بىرسى ئەمەس، دەل سىڭلىسى قۇندۇز ئىدى.

ئۇنىڭغا يەر شارى قىيسىيىپ قالغاندەك، قۇياش ئوربىتىسىدىن چىقىپ كەتكەندەك تۇيۇلدى. ۋۇجۇدىدىكى بارلىق قېنى مېڭىسىگە قۇيۇلۇپ، كۆز ئالدى قاراڭغۇلاشتى،

بىر نەچچە مىنۇتقىچە ئۇنىڭ كۆڭۈل ئېكرانىدا قاراڭغۇ زۇلمەت، بوشلۇق ھۆكۈم سۈردى. كېيىن تېلېۋىزور ئېكرانىغا ئوخشاش ھەر خىل رەڭلەر لاپ - لاپ چاقناشقا باشلىدى. ئۇنىڭ خىيالىغا كەلگەن تۇنجى ئارزۇ قۇندۇزنىڭ چېچىدىن، ئاشۇ قاپقارا چاچلىرىدىن تولغاپ تۇتۇۋېلىپ سۆرەپ ئۆيگە ئېلىپ كېتىش بولدى. ئەمما ئۇنداق قىلالمىدى. چىرايى سارغىيىپ چىلىق - چىلىق تەرلەپ كەتتى، پۇت - قوللىرىنى مىدىرلىتىشقا ھەتتا گەپ قىلىشقا ماغدۇرى يەتمىدى.

* * *

ئۇنىڭ كۆڭۈل ئارامى بۇزۇلدى. قۇلاق تۈۋىدىن سىڭلىسىنىڭ ئېچىنىشلىق ئاۋازى كەتمەيتتى. بۇ ئاۋاز كېچىلىرى ئۇنى ياتقان يېرىدىن قوپۇرۇۋېتەتتى، ساراڭدەك ئۇياقتىن - بۇياققا ماڭدۇراتتى، ئىچىنى قان - زەرداپقا تولدۇراتتى.

— جېنىم ھەدە، مېنى بۇ يەردىن قوغلىما! مەن بۇ يەردىن ئايرىلسام، ئاۋۇ... ئاق تاماكىدىن ئايرىلسام ئۆلىمەن، جېنىم ھەدە. مەن بۇ يەرگە ئامالىمنىڭ يوقىدىن كەلدىم. قانداق ئۆگەندىڭ، نەدىن تاپتىڭ دەمسەن؟ ھېلىقى ساۋاقدىشىم بارتىغۇ، سېمىز، ئاق يۈزلۈك، چوڭ قىزلاردەك ياسىنىپ يۈرىدىغان؟ بىر كۈنى ئۆيىگە باشلاپ ئاپاردى. ئاكىلىرى، ئاچىلىرى ئاشۇنى چېكىدىكەن، بىزگىمۇ چەكتۈردى. كېيىن، چەكمىسەم تۇرالمايدىغان بولۇپ قالدىم. ئۇلاردىن سورىسام سەنمۇ ئۆزۈڭ تېپىپ چەك، دەپ بەرمەيدىغان بولدى. چىدىماي يالۋۇرسام، ئاكىسى... مەن بىلەن بىر كېچە قونساڭ ئاندىن... دېدى. چىدىيالمىدىم، پەقەت چىدىيالمىدىم، جېنىم ھەدە، شۇڭا ماقۇل دېدىم. كېيىن ئۇ ئىچكىرىگە كەتتى. كېتىدىغان چېغىدا مېنى پەرھاتقا تونۇشتۇرۇپ قويدى. جېنىم ھەدە، مەن بىلەن كاردىڭ بولمىسۇن، بولمىسا ئۆلۈۋالىمەن، ئۆلۈپلا تۈگىشىمەن...

كېيىنكى كۈنلەردە پەرھات بىلەن قۇندۇز قەھۋەخانىغا كەلمەس بولدى. ئەمما، ئۇ ئۇلارنىڭ ھېلىقى ئۆيدە ئىكەنلىكىنى بىلەتتى. سەگەك ۋاقىتلىرىدا سىڭلىسىنى ئۇلارنىڭ قولىدىن قۇتقۇزۇشنىڭ، پەرھاتتىن ئۆچ ئېلىشنىڭ پىلانىنى تۈزۈيتتى.

بىر كۈنى قەھۋەخانىغا ئېسىل پەلتۇ، شىلەپە كىيگەن، قىممەت باھالىق كىچىك چامادان كۆتۈرۈۋالغان ئىككى ياش ئەر كىشى كىرىپ كەلدى. يولتۇز ئۇلارنىڭ ئەخمەتكە: «ئاق تاماكا بارمۇ؟ بولسا كۆپرەك سېتىۋالاتتۇق» دەۋاتقانلىقىنى ئاڭلاپ قالدى. بىرسىنىڭ سول چېكىسىدە قوناقتەك قارا مېڭى بار ئىدى. ئەخمەت ئۇلارغا ئىشەنمىدى بولغاي، ئۇلارنى: «نېمە ئۇ ئاق تاماكا دېگەن؟ نېمە قىلىدىغان نەرسە ئۇ؟ بولسا بىزگە كۆرسىتىپ، قانداق چېكىشنى ئۆگىتىپ قويامسىلەر؟» دەپ ئويۇن - چاقچاق، مەسخىرە بىلەن يولغا سالدى.

بىر نەچچە كۈنلەردىن كېيىن، تۇرقىدىن جەنۇبىي شىنجاڭلىق ئوقەتچىدەك كۆرۈنىدىغان، ساقاللىرى ئۆسۈك بىر ئەر كىشى كىرىپ كەلدى. ئۇ ئەخمەت بىلەن پاراڭلىشىۋاتقاندا نىگار ئولتۇرغانلارنىڭ ئالدىغا كېلىپ: «قولۇڭلاردىكى تاماكاڭلارنى تىقىڭلار!» دەپ كوسۇرلىدى.

يولتۇز شۇ چاغدىلا ئىتتىك بېشىنى كۆتۈرۈپ كەلگەن كىشىگە قارىدى، قارىدى-يۇ، چۆچۈپ كەتتى. ئۇ ئادەمنىڭ سول چېكىسىدىكى قوناقتەك قارا مەڭنى ئۇ ئۆتكەن كۈنى كىرگەن كاتتا ياسىنىۋالغان كىشىدىمۇ كۆرگەن ئىدىغۇ! ئوخشاپ قېلىشى مۇمكىنمۇ يە؟ ياق، ياق، چوڭ - كىچىكلىكى، رەڭگى، ئورنىنىڭ مۇنچىۋالا ئوخشىشى مۇمكىن ئەمەس. ئۇنىڭ ئۈستىگە قاش - كۆزلىرىمۇ

ئۇخشاپ تۇرامدۇ. دېمەك... دېمەك...

يۇلتۇزنىڭ يۈرىكى دۈپۈلدەپ سوقۇپ كەتتى. ئۇ قوللىرىنىڭ تىترەۋاتقانلىقىنى چاندۇرۇپ قويماسلىق ئۈچۈن پەلتوسىنى قۇچاقلاپ كۆتۈرۈپ سىرتقا قاراپ ماڭدى.

— تېخى بالدۇرغۇ، نەگە؟ — دەپ سورىدى نىگار ئۇنىڭدىن ئەجەبلەنگەن قىياپەتتە.

— سىرتقا چىقىپ... سەگىپ... سەكىپ كىرەي.

ئۇ نېرىراق بېرىپ چوڭ كوچىنىڭ قاراڭغۇ دوقمۇشىدا ساقلاشقا باشلىدى.

سوغۇقتىن، قورقۇنچتىن، ھاياجاندىن غال - غال تىترەپ، چىشلىرى كاسىلداپ كېتىۋاتاتتى. سەل نېرىدا، قېلىن موز تۇتۇپ كەتكەن يولدا ئازگىلىنىڭ ئەتراپىدا يوغان بىر ئىت ئايلىنىپ يۈرەتتى، ئۇ خۇددى يۇلتۇزنىڭ ئالاھىدە بىر ئىش قىلماقچى ئىكەنلىكىنى سەزگەندەك بېشىنى كۆتۈرۈپ ئۇنىڭغا گۇمان بىلەن قاراپ - قاراپ قوياتتى.

يىراقتىن ساقاللىق كىشىنىڭ قارىسى كۆرۈندى، يېقىنلاپ كەلگەندە يۇلتۇزغا شۈبھە بىلەن تىكىلىپ قارىدى. يۇلتۇز گەپ قىلماقچى بولۇپ ئاغزىنى ئۆمەللىدى-يۇ، چىشلىرى كاسىلداپ ئاغزىدىن گەپ چىقمىدى. ئىككىنچى قېتىم ۋارقىرىماقچى بولغاندەك كۈچەپ ئاغزىنى يوغان ئاچتى. بىراق، ئاۋازىنىڭ شۇنچە زەئىپ، تىترەك چىقىۋاتقىنىغا ھەيران قالدى.

— توختاڭ، توختاپ تۇرۇڭا... سىز ئىزدىمەكچى بولغان ئەرسىنى... نەدىلىكىنى مەن بىلىمەن...

ئەر كىشى بىردىنلا توختاپ قالدى.

يۇلتۇز تىترىگىنىچە ئۇنىڭغا نۇرغۇن گەپ قىلدى. گەپلىرى زادىلا قولاشمايتتى. خۇددى شۇنداق تىترىگىنىچە، چىشلىرىنى كاسىلداتقىنىچە ئۇ كىشىنى نۇرغۇن قاراڭغۇ كوچىلاردىن باشلاپ مېڭىپ، سىرتىدىن قارىغاندا ئاددىي،ۋەيرانە كۆرۈنىدىغان ھېلىقى ئۆينىڭ ئالدىغا باشلاپ باردى.

ساقاللىق ئادەم ئۇنىڭغا: «مەن بىلەن قايتىڭ،ھاياتىڭىز خەۋپكە ئۇچرىشى مۇمكىن، بىز سىزنى قوغدايمىز» دېگەن ئىدى يۇلتۇز ئۇنىمىدى. ئۇ ئاشۇ ئۆينىڭ ئەتراپىدا چۆرگىلەپ يۈردى. ئىككى سائەتلەردىن كېيىن بۇ ئۆينى بىر توپ ساقچى قورشىۋالدى. ئۇلار پەرھاتنى،ئۇنىڭ ئاغىنىلىرىنى، قۇندۇزنى قولىغا كويزا سېلىپ ئېلىپ كەتتى.

يۇلتۇز ئىشىك ئالدىدا ئۇزاق ئولتۇردى. شۇ تاپتا قەھۋەخانىنىڭمۇ كۈلى كۆككە سورۇلدى. ئەمدى ئۇنىڭ بارىدىغان يېرى قالمىدى. ئۇنىڭ ئۆيى، ئاپىسى بار ئىدىغۇ؟ ئۇ ئۆيگە قايتسا بولماسمۇ؟ ياق، نېمىدەپ قايتىدۇ؟ سىڭلىسىنى تۇتۇپ بەردىم دەپمۇ؟ ئانىسى ئۇنى چۈشەنمەيدۇ ھەم كەچۈرمەيدۇ. ئالىيەمۇ يوق، ئۇنىمۇ تۇتۇپ كېتىشتى، ئۇنىڭ — يۇلتۇزنىڭ كاساپىتىدىن. بىراق ئۇنىڭ كۆڭلى نېمىشقىدۇر ئارام تېپىپ، تىنچلىنىپ قالدى، ئۇ ئۇزاق ۋاقىتلاردىن بۇيان كۆرۈلمىگەن ئاراملىق ئىدى.

ئۇ، ئۆينىڭ ئالدىغا قانداق كېلىپ قالدىكىنە؟ ئەنە، ئۇنىڭ ئۆيى. ئۆزى تۇغۇلۇپ چوڭ بولغان ئۆي ئۇنىڭغا ھەر قاچانقىدىنمۇ خارابە، مىسكىن كۆرۈندى. بىچارە شورلۇق ئاپىسى، ئىككى قىز تۇغۇپ، مىڭبىر جاپادا، نى - نى ئارزۇلار بىلەن بېقىپ، قىزلىرىنىڭ جاپاسى، خورلۇق - ھاقارەتتىن باشقىنى كۆرمىگەن ئاپىسى، ئازاب - ئوقۇبەتتىن، مېھنەتتىن ھېرىپ ھالى قالمىغان ئاپىسى دادىسىنىڭ روھى كېزىپ يۈرگەن ئاشۇ ئۆيدە ئۇخلاۋاتىدۇ.

ئۇ تۇزلۇق، ئاچچىق كۆز ياشلىرىنى يۇتۇپ، ئۆينى ئەگىپ ئۆتۈپ كەتتى. ئۇ نەگە كېتىۋاتىدۇ؟ دەريا بويىغىمۇ؟ ئۇ يەرگە نېمىشقا بارىدۇ؟ ئۇنىڭ ئۆلۈۋالغۇسى يوق. قايتىدىن بىر ياشاپ باققۇسى، سىڭلىسىنى

ئاقلاپ ئەركىشىلىككە ئېلىپ چىققۇسى، ئۆيىگە قايتقۇسى بار. ئۇ يەنىلا دەريا بويىغا قاراپ كېتىۋاتىدۇ. ئۇ يەر ئۇنىڭ ئەڭ گۈزەل ئەستىلىكلىرى بىلەن باغلانغان.

ئەنە چوڭ كۆۋرۈك. ئۇ پەلەمپەيدىن ئۆتۈپ، مۇزدەك پولات سالاسۇننى قوللىرى بىلەن سىلىدى. خۇددى ئاشۇ كۈنى ئەنۋەر يۆلىنىپ تۇرغاندەك يۆلىنىپ، پەستە شىددەت بىلەن ئېقىۋاتقان سۇغا قارىماقچى بولدى. دەريا ئۈستىنى بىر قەۋەت مۇز قاپلاپ تۇراتتى. بىراق، ئۇنىڭ پۇتلىرى ئارقىلىق ۋۇجۇدىغا تاراۋاتقان بىر سېزىم مۇز ئاستىدىكى توختىماس ئۇلۇغ ھەرىكەتتىن دېرەك بېرىپ تۇراتتى.

يىراقتىن موتسىكلىت ئاۋازى ئاڭلاندى. شۇندىلا ئۇ بېشىنى كۆتۈرۈپ قار يېغىۋاتقانلىقىنى سەزدى. قاچاندۇر ئۈن - تىۋىشسىز يېغىشقا باشلىغان قار ئەتراپنى ئوبدانلا ئاقارتقان ئىدى. ئۇ پەلتۇسىغا مەھكەم ئورىنىپ لەپىلدەپ يېغىۋاتقان قار ئۇچقۇنلىرىغا قاراپ تۇردى. قار ئۇچقۇنلىرى ئۇنىڭ چاچلىرىغا، قاش - كىرپىكلىرىگە، مۈرىسىگە قوناتتى. ئۇ مىدىر - سىدىر قىلمايتتى، كىرپىكلىرىنىمۇ مىدىرلاتمايتتى. شۇ تۇرقىدا گويا تەڭداشسىز گۈزەل كىرىستال ھەيكەلگە ئوخشايتتى.

موتسىكلىت ئاۋازى بارغانسېرى يېقىنلاشتى، كەينى - كەينىدىن سەت ئاۋاز چىقىرىپ توختىدى. ئۈچ ئەر كىشى باشلىرىدىن سۇلياۋ قالپاقلىرىنى ئېلىشىپ يۇلتۇز تەرەپكە يېقىنلاپ كېلىشكە باشلىدى. يۇلتۇز قىلچە قورقمىدى، ئۇ ئۇلارنىڭ چىرايىنى بۈگۈنكىدەك ئوچۇق كۆرۈپ باقمىغان ئىدى، ئۇلارغا سەل ئەجەبلەنگەندەك قاراپ تۇراتتى.

قار لەپىلدەپ ياغماقتا ئىدى.

* * *

بۇ يىل قىش قار ھەقىقەتەنمۇ كۆپ ياغدى.

ئىككى كېچە - كۈندۈز توختىماي ياغقان قار خۇددى قېلىن مامۇق يوپۇقتەك يەر - جاھاننى قاپلىدى. نۇرغۇن نەرسىلەر ئۇنىڭ ئاستىدا قالدى. بولۇپمۇ ئىپلاس، ئوڭغۇل - دوڭغۇل كوچىلار بىردىنلا پاكىزلىنىپ، كەڭرىپ، گۈزەللىشىپ قالغاندەك كۆرۈندى. ئەمەلىيەتتە، مۇنچە كۆپ قار بۇ كوچىلاردىكى كىشىلەر ئۈچۈن ئاۋارىچىلىق، ئارتۇقچە تەشۋىش ئېلىپ كېلەتتى. ئەسلىدىلا تار كوچىلار، قورۇلار قار - مۇز دۆۋىسى بىلەن تېخىمۇ تارلىشىپ كېتەتتى.

سەھەر ئويغانغان گۈلسۈمخان بىر چىشلەم نان بىلەن زورمۇزور ناشتا قىلىۋېلىپ، قورۇنى، ئىشىك ئالدىنى تازىلىدى. بەل گۈرجەك بىلەن سۈپۈرگىنى كۆمۈرخانىغا ئەكىرىپ قويۇپ، تام مەشىنىڭ يېنىدا سوزۇلۇۋالغاچ خىيالغا چۆكۈپ كەتتى. ئۇنىڭ ئەھۋالى كۈندىن - كۈنگە ئېغىرلىشىپ كېتىۋاتىدۇ. كىچىككىنە ئىش قىلسا يۈرىكى ئېغىپ، پۇت - قولىدا جان قالمايدۇ. ئۆزىنىڭ ھالى شۇنچىلىك بولغاچ ئۆيلەرنىڭ تاملىرىدىن توپا تۆكۈلۈپ تۇرىدىغان، ھەممىلا بۇلۇڭلىرىدىن تامچا ئۆتىدىغان بولۇپ كەتتى. بۇنىڭغا نېمە ئامال؟ ئېرى رەھمەتلىك بولغان بولسا، ئۆيلەرنى نەچچە قېتىمدىن ياسىتىپ بولغان بولاتتى، ئۆگزىدىكى قارلارمۇ ۋاقتى - ۋاقتىدا تازىلىنىپ تۇراتتى. قىزلىرىمۇ، ئۇمۇ بۈگۈنكى ھالغا چۈشۈپ قالماستى...

كېچىچە چۈشى بۇزۇلۇپ، كۆڭلى ئۆيەپ چىقتى. يۇلتۇز ئۇزۇن، ئاپئاق كۆڭلەك كىيىپ ئۆزى يالغۇز ئوسسۇل ئويناپ يۈرۈپتۇدەك، رەھمەتلىك ئېرى ماشىنام بۇزۇلۇپ قېلىپ يېرىم يولدىن يېنىپ كەلدىم، دەپ ئۆيگە كىرىپ كېلىۋاتقۇدەك. ئۇنىڭدىن رەنجىپ: قىزلىرىمنى ساڭا تاپشۇرغان ئىدىم، قېنى قىزلىرىم؟ سەن ئۇلارنى نېمە قىلدىڭ؟

دەپ سوراۋاتقۇدەك ...

شۇ تاپتا قىزلىرى نەدىكىن؟ نېمە كۈنلەرنى كۆرۈۋاتىدىكىن... نېمىشقا ئۇنىڭ قىزلىرى مۇنداق شورپېشانە چىقىپ قالدى ـ ھە؟ گۈلسۇمخان ئۇلارنى ئاچ ـ توق قالمىسۇن دەپ، دادىسىزلىقنى چېكىپ قالمىسۇن دەپ كېچە ـ كېچىلەپ بەللىرىنى ئالالماي قالغۇدەك ئىشلىگەن ئىدىغۇ؟! ئاشۇ ئىككىسىنى ئادەم قىلىپ قاتارغا قوشۇشتىن باشقىنى ئويلىمىغان ئىدىغۇ؟ ئەجەبا، ئۇ بىرەر ئىشنى خاتا قىلىپ قويدىمۇ ياكى چالا قويدىمۇ؟ ئۇ ئانىلىق مەجبۇرىيىتىنى تولۇق ئادا قىلالمىدىمۇ؟

ئۇ قورۇ ئىشىكىنىڭ تاراقلىغان ئاۋازىنى ئاڭلاپ ئېرىنچەكلىك بىلەن ئورنىدىن تۇردى. ئىشىكنىڭ ئالدىغا كېلىپ ئېھتىيات بىلەن: «كىم؟ كىم ئۇ؟» دەپ توۋلىدى. «ئىشىكنى ئاچسىلا، گۈلسۇمخان ھەدە، بۇ مەن ـ ئەنۋەر!» دېگەن جاۋابنى ئاڭلاپ، بىردىنلا تېپىرلاپ نېمە قىلارىنى بىلمەي قالدى.

نېمىدەپ كەلدىكىنە ئەمدى؟ ئۆز ۋاقتىدا ئانىسى نېمە سوغۇق گەپلەرنى قىلمىغان؟ ئۆزىمۇ شۇنچە ۋاقىتلاردىن بېرى دەسسەپ باقمىدىغۇ؟ بوپتۇ، ئىشىكنى ئاچاي، ھېچ بولمىسا، ئىككى ئېغىز گېپىنى بولسىمۇ قىلىۋالارمەن...

ئۇ ئەنۋەرنىڭ ياداپ تونۇغۇسىز بولۇپ كەتكەن، سۇنۇق چىرايىغا قاراپ دېمەكچى بولغان گەپلىرىنى قىلالمىدى، پەقەت مۇلايىملىق بىلەن:

ـ ئۇزۇن بولدى سىلىنى كۆرمىدۇق، بىر يەرگە بېرىپ كەلدىلىمۇ بالام؟ ـ دەپ سورىيالىدى.

ـ بىر نەچچە ئايدىن بېرى ... ئىچكىرىدە بولدۇم. ئىنىم شۇ ياقلارغا كېتىپ دېرىكى بولماي قالغان ئىدى. تېپىپ قايتۇرۇپ ئەكېلەي دەپ بېرىپ ... قايتۇرۇپ كېلەلمەي ... ئاشۇ يات يۇرتتا، دېڭىز بويىغا كۆمۈپ قويۇپ ...

ئۇ ئېسەدەپ گېپىنى داۋاملاشتۇرالمىدى، بېشىنى تۆۋەن سېلىپ، كۆز ياشلىرىنى يوشۇرماقچى بولدى.

ـ ۋاي توۋا، نېمە دەيدىغانلا بالام؟ شۇنداق ئىشمۇ بولدىمۇ؟ نېمە بولۇپ ...؟

ـ ئۇكام ئىككى ئاغىنىسى بىلەن بىر «خوجايىن»غا ياللىنىپ ئىچكىرىگە بېرىپتۇ. «خوجايىن»نىڭ قول ئاستىدا 20 ـ 30 «شاگىرت» بالا بار ئىكەن. ھەممىسى ئوغرىلىق قىلىپ، تاپقان پۇلىنىڭ كۆپ قىسمىنى «خوجايىن»غا تاپشۇرىدىكەن. «خوجايىن» ئۇلارنى قىمارغا سېلىپ، خىروئىنغا ئۆگىتىپ قەرزگە بوغۇپ قويۇپ، خالىغىنىچە ئىشقا سالىدىكەن. مېنىڭ ئۇكام ئاشۇ خىروئىن دەيدىغان نەرسىگە بەك بېرىلىپ كېتىپ، جىق قەرزگە بوغۇلۇپ قالغان ئىكەن. بىر كۈنى لاۋبەن (خوجايىن)نىڭ پۇلى يوقاپ كېتىپتۇ. لاۋبەن ئىنىمدىن گۇمان قىلىپ، ئادەم باشلاپ كېلىپ ئۇنى تۇتۇپ كېتىپتۇ. ئېسىپ قويۇپ ... بەدىنىگە پىچاق تىقىپ بەك قىيناپتۇ. ... مەن بارسام بىر ئەسكى ئۆيدە: «پۇلنى مەن ئالمىدىم، خوش بولۇپ كېتەي، مېنى ئۇرماڭلار» دەپ ۋارقىراپ جۆيلۈپ يېتىپتىكەن، مېنى تونۇمىدى. دوختۇرخانىغا ئەپكېتىۋاتسام ... يولدا ...

گۈلسۇمخان چىداپ تۇرالماي ئۈن سېلىپ يىغلاشقا باشلىدى.

ـ ۋاي قانداق قىلاي، مېنىڭ قىزلىرىم نەلەردە، كىملەرنىڭ قولىدا خارلىنىپ يۈرۈيدىغاندۇ؟ نېمە كۈنلەرنى كۆرۈۋاتىدىغاندۇ...

ئەنۋەر ئىتتىك بېشىنى كۆتۈرۈپ گۈلسۇمخانغا تىكىلىپ قالدى.

ـ نېمە؟ يۇلتۇز ... يۇلتۇزلار بىر ياققا كەتكەنمۇ؟

ـ سىزنىڭمۇ ماڭا ئوخشاش دەردىڭىز بار ئىكەن، سىزدىن نېمىسىنى يوشۇراي بالام،

يۇلتۇزمۇ، قۇندۇزمۇ ئۆيىنى تاشلاپ چىقىپ كەتكەن. بىر نەچچە ئاي بولۇپ قالدى.

بەزىلەر ئۇلارنى قەھۋەخانىلاردا، ئەسكى ئادەملەرنىڭ كەينىدە كۆرۈپتۇ. ئاجىز جېنىم بىلەن مەن ئۇلارنى ئىزدەپ تاپالمايدىكەنمەن، ئىزدەپ تاپسامۇ قايتۇرۇپ ئەكېلەلەمدىمەن؟ مېنىڭ ھالىمنى كۆردىڭىز، ئاشۇ ئىككىسىنىڭ دەردىدە جېنىم ئاز قالدى.

ئۇلارنى كۆرەلمەي بىر كېچىسى جىم - جىملا ئۆلۈپ قالارمەنمىكىن دەپ قورقىمەن . . .

— ئەندىشە قىلمىسىلا، گۈلسۈمخان ھەدە، ئۇلارنى مەن ئىزدەيمەن، ئىزدەپ تېپىپ ئۆيگە قايتۇرۇپ ئەكېلىمەن. بۇ بىر نەچچە ئاي جەريانىدا دەۋا ئىشى بىلەن بولۇپ، خېلى كۆزۈم ئېچىلىپ قالدى. زۆرۈر تېپىلسا قانۇنغىمۇ مۇراجىئەت قىلىمىز تېخى . . .

ئارىدىن ئىككى ھەپتە ئۆتۈپ ئەنۋەر بۇ مەھەللىگە يەنە بىر كەلگەندە، گۈلسۈمخاننىڭ قوشنىلىرى ئۇنىڭغا گۈلسۈمخاننىڭ بىرنەچچە كۈن ئىلگىرى تۇيۇقسىز جان ئۈزگەنلىكىنى، ئۇنى جامائەت ئىگە بولۇپ، يەرلىككە قويغانلىقىنى سۆزلەپ بېرىشتى.

ئەنۋەر رەھمەتلىككە قىزلىرىنىڭ ئىز - دېرىكىنى — يۇلتۇزنىڭ يوقۇلۇپ كەتكىنىنى، قۇندۇزنىڭ ئەمگەك بىلەن ئۆزگەرتىش ئورنىغا ئەۋەتىلگىنىنى، ئۇنىڭ ئۇ يەردە ئۈچ يىل تۇرىدىغانلىقىنى ئېيتالمىدى. ئۇ تاملىرى ئولتۇرۇشۇپ، قىيسىيىپ قالغان غېرىبانە قورۇغا ئۇزاق قاراپ تۇردى. تېخى يازدىلا ئۇۋۇ دېرىزە داۋاملىق ئوچۇق تۇراتتى. ئۇ يەردىن كىيىم تىكىش ماشىنىسىنىڭ شىلدىرلىغان ئاۋازى ئۈزۈلمەيتتى. گۈلسۈمخان بىلەن يۇلتۇز ئاشۇ كىچىك ئۆيدە ئولتۇرۇپ يىڭنە ئىشى قىلىشاتتى. يەنە بىر ئۆيدىن قۇندۇز بىلەن ئۇنىڭ دوستلىرىنىڭ شاد كۈلكىلىرى، ناخشىلىرى ئاڭلىنىپ تۇراتتى. بىر نەچچە ئاي ئىچىدىلا ھەممە ۋەيران بولدى. بىر ئۆيلۈك ئۈچ جاننىڭ ئۆلگىنى ئۆلدى، يىتكىنى يىتتى، ھايات قالغىنى ئەمگەك بىلەن ئۆزگەرتىشكە ئېلىپ كېتىلدى.

دۇنيادا نېمە ئۈچۈن مۇنداق بەختسىزلىكلەر يۈز بېرىدۇ؟ يۇلتۇز بىلەن قۇندۇز بەختلىك ياشاشقا ھەقلىق ئەمەسمىدى؟ ئۇنىڭ شوخ، ئوماق ئىنىسىمۇ ئالىي مەكتەپلەردە ئوقۇشى، ئۇزۇن يىل ياشىشى كېرەك ئىدىغۇ! يەنە ئۇ ئىچكىرىدە كۆرگەن نۇرغۇن ياشلار، قەھۋەخانىلاردا، كىنوخانا، مېھمانخانىلارنىڭ ئەتراپىدا، سىرلىق ئارقا كوچىلاردا تەمتىرەپ يۈرىدىغان نۇرغۇن ياشلارمۇ ئادەمدەك ياشىشى كېرەك ئىدىغۇ!

ئەنۋەرنىڭ مۇشتلىرى چىڭ تۈگۈلدى. ئۇنىڭ ۋارقىراپ - جارقىرىغۇسى، يىغلىغۇسى، چىڭ يېپىقلىق ئىشىكلەرنى مۇشتلاپ ئېچىپ، ئادەملەرگە كۆڭلىدىكى گەپلەرنىڭ ھەممىسىنى دەۋالغۇسى كەلدى.

ھەر كۈنى يۈرىكىنى ئىللىتىدىغان يېڭى ئارزۇ - ئۈمىدلەر بىلەن تولغان يېڭى تاڭ ئاتىدۇ. كېچىنىڭ يېقىنلىشىشىغا ئەگىشىپ بۇ ئارزۇ - ئۈمىدلەر خىيالىي كۆلەڭگۈدەك، تۇماندەك ئېرىشكە، يوقىلىشقا باشلايدۇ. يەنە قاراڭغۇ كېچە، تۈگىمەس يامان چۈشلەر باشلىنىدۇ. بۇ كېچىنىڭ، يامان چۈشلەرنىڭ باش - ئاخىرى يوقتەك بىلىنىدۇ. ئەمما ئۇپۇقتىن تارىغان ھال رەڭ يورۇقلۇقتا ئېرىشكە، خىيالىي كۆلەڭگۈدەك، تۇماندەك يوقىلىشقا باشلايدۇ.

ئۈمىد بىلەن تولغان كۈنلەر، تۈگىمەس ۋەھىمىلىك كېچىلەردىن تالايلىرى ئۆتۈپ كەتتى. ئەنۋەرنىڭ قەلبىدىكى ئۈمىد ئۆلمىدى. ئۇ يىغىۋېلىش ئورۇنلىرىغا، دوختۇرخانىلارغا، ئېزىپ - تېزىپ قالغان ئاياللار بارىدىغان گۇمانلىق يەرلەرگە باردى. يۇلتۇزنىڭ ئىز - دېرىكى يوق ئىدى. ئۆز ۋاقتىدا ئۇ يۇلتۇز بىلەن كۆرۈشمەي كېتىپ قالمىغان، ھېچ بولمىسا، ئىچكىرىگە بېرىپ بىرەر پارچە خەت يېزىۋەتكەن بولسا نەقەدەر ياخشى بولغان بولاتتى - ھە. ئەمما . . . ئۇ

كۆللەردە ئۇنىڭ ئۆزىمۇ قايغۇ - ھەسرەتتىن بېشىنى كۆتۈرەلمەي قالغان ئىدى. شۇنداقتىمۇ ئۇ يولتۇزنى بىر كۈنىمۇ ئۇنتۇپ قالغىنى يوق. ئۇ ھېلى بولسىمۇ يولتۇزنى ئىزدەپ تاپىدۇ، ئۇنىڭغا مۇشۇلارنى ئېيتىدۇ. ئۇنىڭغا يەنە نۇرغۇن - نۇرغۇن گەپلەرنى قىلىدۇ.

بىراق، يولتۇز . . . قەيەرلەردە يۈرىدىغاندۇ؟ گۈلسۈمخان ئېيتقاندەك بىر كىملەرنىڭ ئالدىدا خارلىنىپ، قېقىلىپ-سوقۇلۇپ يۈرەمدىغاندۇ؟ ياكى . . . ئۇ پەلتوسىنىڭ ياقىسىنى قايرىپ، سەل دۈگدىيىپ، ئىتتىك - ئىتتىك مېڭىپ كەتتى. ئەنە كۆۋرۈك، ئۇنىڭ ئۈستىدە كىيىملىرى كونا، چىرايى چېپەرقۇتتەك قورۇلۇپ كەتكەن بىر بىچارە بەندە چۆرگىلەپ يۈرىدۇ. ئۇ بۈگۈنمۇ مەست بولسا كېرەك، ئۇ ئاخىرى بىر كۈنى مۇشۇ يەردە توڭلاپ ئۆلىدۇ. ئەنۋەر ئالدىنقى قېتىم يولتۇزنى ئىزدەپ مۇشۇ يەرگە كەلگەندە ئۇنى ئۇچراتقان، ئۇنىڭ بىلەن پاراڭلاشقان، ئۇ ئەنۋەرگە داۋاملىق ئۆزى يالغۇز مۇشۇ يەرگە كېلىدىغان بىر قىز بالىنى تونۇيدىغانلىقىنى، ئۇنىڭ ئۆيىدىن قېچىپ چىققانلىقىنى، ئاخىرقى قېتىم ئۇنىڭ كۆۋرۈكتە تۇرغانلىقىنى، بىر نەچچە ئەر كىشىنىڭ ئۇنى موتسىكلىتقا سېلىپ ئېلىپ كەتكەنلىكىنى كۆرگىنىنى ئېيتىپ بەرگەن ئىدى.

شۇنىڭدىن كېيىن ئۇ موتسىكلىتلارغا زەڭ قويۇپ يۈردى. ئاشۇ موتسىكلىتلار ئۇنىڭ كۆز ئالدىدىلا تۇراتتى، ئۇلارنى ھامان بىر كۈنى تونۇۋالىدىغانلىقىغا ئىشىنەتتى.

يەنە قار يېغىشقا باشلىدى. ئەنۋەرنىڭ قەلبىدە بىر پارچە ئوت كۆيۈۋاتاتتى. ئۇ ئىنىسىنى، چاچلىرىنى بىر تال قىلىپ بوغۇۋالغان، كۆزلىرىدىن، ئىنچىكە بويۇنلىرىدىن بالىلىقى، گۆدەكلىكى چىقىپ تۇرىدىغان، ئىككى مەڭزى ياش بىلەن ھۆللەنگەن قۇندۇزنى ئويلىدى. ئۇ قۇندۇزنى تاشلىۋەتمەسلىك، قانداقلا قىلىپ بولمىسۇن ئۇنى ھەدىسىگە ئوخشاش ئاقىۋەتتىن ساقلاپ قېلىش قارارىغا كەلدى. بىراق ئۇنىڭ كۈچى يېتەرمىكىن؟ چېقىر كۆز پەرھات تۇتۇلۇپ ئون كۈندىن كېيىنلا «گۇناھسىز» دەپ قويۇپ بېرىلدى. نىگار ئاران بىر يىللىق ئەمگەك بىلەن ئۆزگەرتىلىشكە ھۆكۈم قىلىندى. ئەمگەك بىلەن ئۆزگەرتىش ئورنىدا تېخى «ئىپادىسى ياخشى» دەپ قارىلىپ، ئەمگەككە قاتناشماي، ئىسسىق كىچىك ئۆيدە ئولتۇرۇپ دەرۋازىغا قاراۋاتىدۇ . . . جەمئىيەتتە يەنە تېخى نۇرغۇن «نىگار»، «ئەخمەت»، «پەرھات»لار، ئۇلارنىڭ ئارقا تىرەكلىرى بار . . . بىراق، ئۇلارغا قارشى تۇرىدىغانلار، ئۇلاردىن نەپرەتلىنىدىغانلار، ئۇلار بىلەن جان تىكىپ كۈرەش قىلىۋاتقانلار تېخىمۇ كۆپ. ئۇلارنىڭ جەمئىيەتكە كەلتۈرۈۋاتقان زىيىنىنى تونۇپ يەتكەنچە پۈتۈن جەمئىيەت، ھەممە ئادەم قوزغىلىپ سەپكە ئاتلىنىدىغان كۈنلەر كېلىدۇ تېخى . . .

ئۇ نېمىنىدۇر ئىزدىگەندەك، نېمىنىدۇر كۈتۈۋاتقاندەك، قار ئۇچقۇنلىرى بىلەن تولغان پايانسىز بوشلۇققا تىكىلدى.

قار ھېچ توختايدىغاندەك ئەمەس ئىدى.






## مۇھەممەتئىمىن زۇنۇن

(ئالتە كۆرۈنۈشلۈك تارىخىي ئوپېرا)

زۇلقەرنەيىن ئۇيغۇر ئېلىگە يېقىنلاشقاندا، تۈرك خاقانى ئۇنىڭغا قارشى 4000 ئادەم ئەۋەتكەن. ئۇلارنىڭ قالپاقلىرىنىڭ قاناتلىرى لاچىن قاناتلىرىغا ئوخشايدىكەن. ئوقنى ئالدىغا قانداق ئاتسا، كەينىگىمۇ شۇنداق ئۇستىلىق بىلەن ئاتىدىكەن. زۇلقەرنەيىن بۇلارغا ھەيران قاپتۇ...

ئۇلار بۇ كېچىسى زۇلقەرنەيىننىڭ ئالدىنقى ئەسكەرلىرىگە ھۇجۇم قىلىپ، ئۇلارنى يەڭگەن. بىر تۈرك ئەسكىرى زۇلقەرنەيىن ئەسكەرلىرىدىن بىرىنى بىر قىلىچ بىلەنلا كىندىكىگىچە ئىككىگە بۆلۈۋەتكەن. ئۆلتۈرۈلگەن ئەسكەر تىللا سېلىنغان ھەميانىنى بېلىگە ئېسىۋالغان ئىكەن، ئۇنىڭ كېسىلىپ، تىللالار قانغا سىلىنىپ يەرگە تۆكۈلگەن. ئەتىسى ئەتىگەن تۈرك ئەسكەرلىرى قانغا سىلەنگەن تىللالارنى كۆرۈپ، بىر - بىرىدىن: «بۇ نىمە؟» دەپ سوراشقاندا، ئۇلار: «ئالتۇن قان» دېيىشكەن. شۇڭا، شۇ جايدىكى چوڭ بىر تاغ مۇشۇ نام بىلەن ئاتالغان. ئۇيغۇر ئېلىگە يېقىن بولغان بۇ تاغنىڭ ئەتراپىدا





سەھنىگە ئەسەرلىرى

كۆچمەن تۈرك خەلقلىرى ياشايتتى. زۇلقەرنەيننى شۇ كېچىلىك ھۇجۇمدىن كېيىن تۈرك خاقانى بىلەن سۇلھ تۈزگەن.

(«تۈركىي تىللار دىۋانى» 1 - توم 151 - ، 122 - بەتلەر)

ئۇيغۇرلار مىلادىدىن ئۈچ ئەسىر ئىلگىرىكى چاغلاردا تۇغلۇقلار دېگەن نام بىلەن شەرقىي ۋە غەربىي ئىككى قىسىمغا بۆلۈنگەن.

(«قارا خانىيلارنىڭ قىسقىچە تارىخى» 3 - بەت)

## قاتناشقۇچىلار

ئايسۇزۇك ... غەربىي قەبىلە بېگىنىڭ قىزى ... ......................................... 17 ياش

ئايتۇران ... ئايسۇزۇكنىڭ سىڭلىسى...17 ياش

ئۇلۇغبەگ ئاتا ... شەرقىي قەبىلە بېگى ...... ......................................... 70 ياش

ئوتلۇق ...... بەگنىڭ ئوغلى............20 ياش

قوتلۇق ... ئوتلۇقنىڭ ئۇكىسى....... 20 ياش

ئالقىش ئاتا ... ئۇلۇغبەگنىڭ مەسلىھەتچىسى ......................................... 60 ياش

تاش پالۋان ... غەربىي قەبىلە پالۋىنى ...... ......................................... 30 ياش

قابان ... غەربىي قەبىلە خادىمى ...... 50ياش

ئىسكەندەر ...... پادىشاھ ..................26ياش

قوماندانلار، پەھلىۋانلار، قىز-ئاياللار ......

## مۇقەددىمە

(ئېپلانچىك نەزمىسى)

ئەسسالامۇ ئەلەيكۇم مەردانە ئەرلەر،
ئەقىللىق قىز- جۇۋان- قەلبى گۆھەرلەر؛

تارىخىي قىسىمدىن ئاچايلى ۋاراق،
تەپەككۇر ئەيلەگىلار سەنئەت سۆيەرلەر.

قايسى چاغ نېمىچۈن يار بولدى بىزگە
گۈللىنىش، يۈكسىلىش،نۇسرەت-زەپەرلەر؟

قايسى چاغ نېمىچۈن يار بولدى بىزگە
مالاللىق، زاۋاللىق، ئاپەت - خەتەرلەر؟

كۆرۈڭلار، تەپەككۇر ئەيلەڭلار چوڭقۇر،
ئەي ۋەتەن بەختىچۈن ئوتتەك كۆيەرلەر.

— پۈتۈن ئەسەر ۋەقەلىكى بۇنىڭدىن ئىككى مىڭ ئۈچيۈز نەچچە يىل مۇقەددەم، يەنى مىلادىدىن بۇرۇنقى 329 - يىلى تەڭرىتاغ ۋادىسىدا يۈز بەرگەن. ئويۇنىمىز ھازىر باشلىنىدۇ.

## بىرىنچى كۆرۈنۈش

سەھنە: شەرقىي ئۇيغۇر قەبىلە مەھكىمىسىنىڭ مەركەز زالى. ئۇلۇغبەگ ئاتا تۇغلۇقخانلىقىنىڭ 70 يىللىقىنى مۇبارەكلەش ئۈچۈن ئالاھىدە زىننەتلەنگەن ھەشەمەتلىك زال.

ئۇلۇغبەگ ئاتا شاھانە تەختتە، ئوڭ - سول تەرەپلىرىدە ئوتلۇق بەگزادە بىلەن قوتلۇق بەگزادە، ئۇرۇق - ئايماق ئەربابلىرى، يۇرت مۆتىۋەرلىرى، ئەر - ئايال سەنئەتكارلار.

يىگىت - قىز: ناخشا:

ئانا يۇرت ياشىندى - كۈلدى قۇياشىنىڭ
زەر نۇرى بىرلە،
خۇدانىڭ ھىممىتى - مېھرى، شىپالىق
يامغۇرى بىرلە.

مۇرادى گۈل - چېچەك ئاچقان ۋەتەن
ئەھلى غورۇر ئەيلەر،
ئۇلۇغ خاقانى ھەم سىزدەك ۋاپادار، غەمخورى بىرلە.

ئۇلۇغبەگ ئاتا:
مىڭ تەشەككۈر خۇشناۋا ئوغلانۇ - قىز،
شاد - خۇرام ئويناپ كۈلەيلى ھەممىمىز.
(شاراب تۇتىدۇ.)
يىگىت - قىز: رەھمەت، ئۇلۇغبەگ ئاتا.
يىگىت: ناخشا:

ناخشا بەرباب - نەي بىلەن،
قۇشلار قانات، پەي بىلەن.
كۆڭلۈمنى ئايان ئەيلەي
ئاتام سۇنغان مەي بىلەن.

قىز: ئايغا يۇلتۇز يار ئىكەن،
گۈلگە بۇلبۇل زار ئىكەن.
ئاسماندىكى قۇشنىڭمۇ
يارى - جۈپتى بار ئىكەن.

يىگىت-قىز: يىگانىلىق - تەنھالىق،
تەكتى غېرىب - غۇرۋالىق.
بىز بولايلى جۈپ - جورا
ئۇ دۇنيا - بۇ دۇنيالىق.

[يىگىت بىلەن قىز سورۇن ئەھلىنى ئۇ-
سسۇلغا تارتىدۇ. بىر توپ يىگىت- قىز زوق-
شوق بىلەن ئوينايدۇ.]

ناخشىلىق ئۇسسۇل:

كۆكتە تەڭرى، تەختتە خاقان،
پەھلىۋان مەيداندادۇر.
خۇش ۋىسالنىڭ ئاچقۇچى
بەل يەشمىگەن كارۋاندادۇر.

قاتمۇ- قات تاغ قوينىدا زەر،
مەرۋايىت قايناملىدۇر.
مەرد پىداكار بەختىدىن
نامەرد ھورۇن ھەيراندا دۇر.

بارمۇ تاڭ ئاتماس كېچە،
كۆكلەم- باھارسىز قەھرىتان،
خۇش ۋىسالنىڭ لەززىتى
يۈز مىڭ جاپا - ھىجراندادۇر.

ئىزدە - ئىزدە، توختىما،
بەختىڭنى ئەي مەردانىلەر.
توختىغان كارۋان ئەلەم -
دەرد قوينىدا، ئارماندادۇر.

[چىرايلىق كېنىزەكلەرگە سوۋغا كۆتۈرت-
كەن شاھ ئەلچىلىرى كىرىدۇ.]
ئەلچىلەر: شانۇ - شەۋكەتلىك خاقانىمىز-
دىن سالام!
ھەممەيلەن: سالام، خاقان ئالىيلىرىغا!
ئەلچى: مەرھەمەتلىك خاقان ئالىيلىرىنىڭ
مۇبارەك مەكتۇبى، شاھانە سوۋغىلىرى.
(تاپشۇرىدۇ)
ھەممەيلەن: رەھمەت خاقان ئالىيلىرىغا!
قەبىلە مۆتىۋەرى: (شاھ مەكتۇبىنى
ئوقۇيدۇ.)
:

## قۇتلۇقنامە

سالام سادىق مەدەتكارىم، سىنالغان دوس-
تۇ يارىمغا،
مېنىڭ مەردانە شۇڭقارىم، ئىگىلمەس زۇل-
پىقارىمغا.

سالام يەتمىش زېمىستان - قىش جۇدۇن-
دا تۆكمىگەن ياپراق،
بوران - چاپقۇنغا بەرداشلىق مېنىڭ
مەزمۇت چىنارىمغا.

ئاتا قىلدى مۇھەببەت - مېھرىڭىز، پاك
ئەجرىڭىز سىزنىڭ،
باياشاد، بەختىيار تۇرمۇش ئەزىز شەر-
قىي دىيارىمغا.

سەھەتلىك، بەخت تىلەپ سىزگە، ۋاپادار
قوشكېزەكلەرگە،
سەمىمىي ئىلتىجا ئەيلەي ئۇلۇغ پەرۋەر-
دىگارىمغا.

**ئۇلۇغبەگ ئاتا:** مىڭ رەھمەت، مېھرى - شەپقەتلىك خاقان ئالىيلىرىغا.

**ھەممەيلەن:** مىڭ رەھمەت، خاقان ئالىيلىرىغا!

**قەبىلە مۆتىۋىرى:** ئەي مۇرۇۋۋەتلىك، بەھرى - ھىممەتلىك ئۇلۇغبەگ ئاتا، تەڭرىم سىزنى مۇراد - مەقسەت مەنزىلىگە يەتكۈزدى، غەم - تەشۋىش تۇمانلىرىنى كۆڭۈل بوستانىڭىزدىن نېرى كەتكۈزدى، ئۇلۇغ خاقانىمىز ئالدىدا شۇ قەدەر ئەزىز ئەتكۈزدى. يېشىلمىگەن كۆڭۈل تۈگۈنلىرىڭىز، گۈل - چېچەك ئاچمىغان ئارزۇ - ئارمانلىرىڭىز قالغانمىدۇ يەنە؟

**ئۇلۇغبەگ ئاتا:** ئەي ئەزىز ۋەتەنداشلىرىم، قان - قېرىنداشلىرىم، ئارزۇ - ئارماندىن خالاس بولغان تىرىك ئىنسان بارمىدۇ، بۇ دۇنيادا؟

ناخشا:

جىمى ئالەم بىناكارى مېنى يەتكۈزدى يەتمىشكە،
ھايات يولۇمنى يار ئەيلەپ ئاجايىپ سېھرى كەچمىشكە.

ئاتا قىلدى يەنە بىر جۈپ لىچىندەك قوشكېزەك ئوغلان،
قىراۋ باغلاپ ساقال - ساچىم، كۆڭۈل تولغاندا تەشۋىشكە.

بىرى ئوتلۇق، بىرى قۇتلۇق سۆيۈنگەن تاجۇ - تەختىمنىڭ،
گويا ئايلاندى ئاتەش چۆل باھار گۈلزارى-بېھىشكە.

يېشىم يەتمىش، دىمەك يەتمىش - خۇدادەرگاھىغا كەتمىش،
جاھانغا باقىي ئىنساندىن تېپىلغان نەدە ئەۋرىشكە؟

كۆزۈم كۆرسە ۋاپادار جۈپ كېلىنىن، نەۋرەمنى، ئەي دوستلار،
مۇراد - ئارزۇم بولۇپ ھاسىل، يېشىم يەتمەسمىدى ئەرشكە؟

[بىر كېنىزەك يۈگۈرلەپ كىرىدۇ.]

**كېنىزەك:** سۆيۈنچى، ئۇلۇغبەگ ئاتا، سۆيۈنچى!

**ئۇلۇغبەگ ئاتا:** سۆيۈنچى ئالىسەن، قىزىم، ئىزھار قىل، نېمە خۇشخەۋەر؟

**كېنىزەك:** دانىشمەن ئالقىش ئاتا قاتارلىق ئەلچىلىرىمىز قايتىپ كەلدى.

**ئۇلۇغبەگ ئاتا:** رەھمەت، قىزىم. سۆيۈنچى ئىنئام قىلىنسۇن.

[كېنىزەككە سۆيۈنچى ئىنئام قىلىنىدۇ. ئالقىش ئاتا كىرىدۇ.]

**ئالقىش ئاتا:** سالام، مەرھەمەتلىك ئۇلۇغبەگ ئاتا! سالام، يۇرت كاتتىلىرى.

**ئۇلۇغبەگ ئاتا:** سالام، دانىشمەن ئالقىش ھەزرەتلىرى.

**ھەممەيلەن:** سالام.

[كېنىزەك ئۇلۇغبەگ ئاتا بىلەن ئالقىش ئاتىغا شاراب تۇتىدۇ.]

**ئالقىش ئاتا:** يەتمىش ياشلىرىڭىزغا مۇبارەك بولسۇن، ئۇلۇغبەگ ئاتا (ئىچىۋېتىدۇ).

**ئوتلۇق:** (بىتاقەتلىك بىلەن) ئېيتىڭسىلا، ئالقىش ئاتا؛

ھەر تەرەپكە داڭقى كەتكەن جۈپ پەرى،
نەۋقىران شەيدائىيلارنىڭ دىلبىرى،
ئېيتسىلا، شۇنداق چىرايلىق-ئۇزمىكەن؟
چاقنىغان نۇرانە جۈپ يۇلتۇزمىكەن؟

**ئالقىش ئاتا:** ناخشا:

ئۇلۇغ تەڭرىم ياراتىپتۇ ئاجايىپ ئىككى بەرنانى،
گۈزەللىكتە زېمىن - ئاسمان ئارا يېگانە - تەنھانى.

تېپىلماس ئۇ كەبىي بىر جۈپ پەرىشتە - قوشكېزەك دىلبەر،

كېچە - كۈندۈز يېنىپ مەشئەل تۇمەن ئاق-
تۇرسا دۇنيانى.

بىرىنىڭ ئايسۇزۇك نامى، بىرىنى ئايتۇ-
ران دەرلەر،
سولۇپتۇ ئاھ ئۇرۇپ لالە كۆرۈپ بۇ ئىككى
رەنانى.

گۈزەل غەربىي دىيار كۆرمەس پۈتۈن يەل
ئاي قاراڭغۇسى،
ئۇلارنىڭ ھۆسنى - رۇخسارى يورۇتقاچ
تاغۇ - دەريانى.

ئوتلۇق: ئېيتسىلا، ئالقىش ئاتا، ئۇلارنىڭ جاۋابى نېمە بولدى؟ تېزراق ئېيتسىلا!

ئالقىش ئاتا: ھەر تەرەپكە داڭقى كەتكەن بىر جۈپ پەرىشتە ئۆزىنىڭ كۆڭلى چۈشمىگەن ھەر قانداق يىگىتنىڭ ئارزۇ - تەلەپلىرىنى ئۇزۇل - كېسىل رەت قىلىدىكەن. ئۆز مۇھەببىتىنى زورلۇق بىلەن تېڭىشقا ئۇرۇنغان ئىنسان زاتى بىلەن يەكمۇ - يەك بەل تۇتۇشۇپ، باشتىن ئېگىز كۆتۈرۈپ، چاقپىلەكتەك ئايلاندۇرۇپ شۇنداق ئۇرۇدىكەنكى، ئەييۇ ھەنناس! ...

ئوتلۇق: ھا - ھا - ھا ! ...

ئالقىش ئاتا: ئالدىراپ كۈلۈپ كەتمىسىلە، بەگزادە، ئۇلارنى سەل چاغلىغىلى بولمايدىكەن. غەربىي قەبىلە لەشكەر باشلىقى تاش پالۋاننىمۇ ئەنە شۇنداق ئېتىپ ئۇرغان ئىكەن.

ئوتلۇق: مەن - يېنى يەر تارتىپ تۇرىدىغان تاش پالۋان ئەمەس! (بەگ ئاتىغا) قەدىرلىك ئاتا!

ناخشا:

ئاي ئىدىم كۈندۈرمىگەن، زەنجىر - يۈگەن-
گە كۆنمىگەن،
قۇتلۇق: مەن ئىدىم پەرۋانە ھېچ مەشئەل-
چىراغقا كۆيمىگەن.

ئوتلۇق: باغلىغۇالدى ئايسۇزۇكنىڭ رىشتى
چەمبەرچاس مېنى،
قۇتلۇق: مەنمۇنى - نى ھۆر - پەرىسىنى
ئايتۇراندەك سۆيمىگەن.

ئۇلۇغبەگ ئاتا:

بارىكاللا، ئەي مېنىڭ ئالتۇن قانات لاچىنلىرىم،
تۇنجى پاك سۆيگۈ-مۇھەببەت ئاسمىنىغا
ئۆرلىگەن.

ئوتلۇق
قۇتلۇق:

ئاتلىنايلى يولغا بىز، ئەيلەڭ دۇئا، جانىم
ئاتا،
قايسى ئاشىق ئارمىنى كۈلپەت - جاپاسىز
كۈلگەن؟

ئۇلۇغبەگ ئاتا: سەپەرگە؟ ... شۇنچە ئۇزاق، جاپا - مۇشەققەتلىك سەپەرگىمۇ؟

ھەممەيلەن: (ناخشا)

بەگ ئاتا، ئەيلەڭ دۇئا، مەقسەتكە يەتسۇن
قوش يىگىت،
كىممۇ ئارزۇ - بەختىنى قان - تەرئىمىزدىن
كۆرمىگەن؟

ئۇلۇغبەگ ئاتا: خوپ، دۇئا بېرەي.

ناخشا:

گىياھ - گۈل بەرگى - ياپراقتىن، ئۇچار
قۇشلار قاناتىدىن،
كىشى ئايرىلمىسۇن ئارزۇ، ئىرادە، ئېتى-
قادىدىن.

گۈزەل ئارزۇ - مۇرادىدىن، ئىرادە، ئېتى-
قادىدىن
جۇدا بولغىچە ئايرىلغان تۈزۈك جانى -
ھاياتىدىن.

دۇئا ئەيلەي تىلەپ ئاق يول، مۇرادىڭ گۈل-
چېچەك ئاچسۇن،
يېغىپ يامغۇر، ھارارەت-نۇر خۇدانىڭ ئىل-
تىپاتىدىن.

ھەممەيلەن:

ئۇلۇغ بەگزادىلەر ئارزۇ - مۇرادى گۈل -
چېچەك ئاچسۇن،

يېغىپ يامغۇر، ھارارەت - نۇر خۇدانىڭ
ئىلتىپاتىدىن.

(دۇئاغا قول كۆتۈرىدۇ. پەردە ئاستا -
ئاستا يېپىلىدۇ.)

## ئىككىنچى كۆرۈنۈش

سەھنە: خانتەڭرى ئېتىكى- باشئەگىم ۋا-
دىسى. ھەيۋەتلىك تاغ، دولقۇنلۇق دەريا،
ئاندا-ساندا چوقچىيىپ تۇرغان قورام تاشلار-
نى قوينىغا ئالغان تەبىئىي گۈلشەن- ھاياتـ
بەخش ئارامگاھ.

شوخ، جۇشقۇن ئايالچە ناخشا ساداسى
ئىچىدە ئايسۇزۇك، ئايتۇران، ئالتۇنئاي،
ئايدىن، ئاق چېچەك قاتارلىق يەتتە چەۋەن-
داز قىلىچۋازلىق، نەيزىۋازلىق، ئوقيا ئېتىش،
ئات ئۈستىدە قىلىچ ئوينىتىش قاتارلىق مەشىق-
لەرنى جانلىق، شوخ ئۇسسۇل تىلى ئارقىلىق
ئورۇندايدۇ.

ناخشا:

زەپ گۈزەل خانتەڭرىنىڭ نۇرلۇق باھا-
رى، يازلىرى،
ياپيېشىل بوستانىدا بۇلبۇلگويا ئاۋازلىرى.

شاۋقۇنى ئاسمانپەلەك دەريالىرى
دولقۇنلىسا،
بويلىرىدا ياڭرىغاي مېھنەت-مۇھەببەت
سازلىرى.

زەر قانات دۇلدۇل بىلەن ئۇچقان تۇمەن
مەردانىنى،
ئەيلىگەي ھەيران گۈزەل ھۆر -پەرىلەر
پەرۋازلىرى.

ئاي بىلەن كۈندىن چىرايلىق ھۆسنى-
رۇخسارى ئۇنىڭ،
لالە- رەنادىن گۈزەل خۇش خۇي تەبەسسۇم-
نازلىرى.
ھۆسنى- رۇخسار، ناز - تەبەسسۇم تەختى-
نىڭ سۇلتانى بىز،

ھەم يەنە نى- نى چەۋەنداز پەرلىرى- ئۇس-
تازلىرى.
ئوينىتىپ مىسران قىلىچ جەڭگاھتا جەۋلان
ئەيلىسەك،
سۇنمىغاي قانداق قارا قچى ھەيۋىسى -ئەل-
چازلىرى؟
[كۆڭۈللۈك ھەربىي مەشىق- ماھا-
رەتلىرىدىن مەمنۇن بولغان بۇ چەۋەندازلار
ئارام ئېلىشقا تەرەپ دۈتلىنىدۇ.]

ئايتۇران: جانانە قىزلار، پەرۋانە قىزلار،
غەيرەتتە تەنھا -يېگانە قىزلار،
چىللايدۇ بىزنى شاۋقۇنلى دەريا،
دولقۇن يارايلى، مەردانە قىزلار!

ئايسۇزۇك: ئەمدى بۇ ئىشنى تاپتىڭمۇ،
ئايتۇران؟ ئارام ئالغىلى قويمامسەن زادى؟

ئايتۇران: شۇنچە كۆڭۈللۈك ئويۇندىن
ھارغىنلىق ھېس قىلىۋاتامسەن، ئايسۇزۇك
ئاچا؟ ئالتۇنئاي، ئايدىن، ئاق چېچەك سىلەر-
مۇ ھېرىپ- چارچىدىڭلارمۇ؟ ئۇسساپ- چاڭقى-
دىڭلارمۇ؟

ئالتۇنئاي: (دەرياغا قاراپ)
چاڭقىغانلارنىڭ شەربىتى ئەنە،
چارچىغانلارنىڭ لەززىتى ئەنە!

ئايدىن: ئۈزەيلى، بۇ قاشتىن ئۇ قاشقا بىر
توقquz قېتىم.

ئاق چېچەك: ئۇ قاشتىن بۇ قاشقا بىر توق-
قۇز قېتىم.

ئايتۇران: دولقۇننى بويلاپ بىر توققۇز
قېتىم.

ئايسۇزۇك: دولقۇنغا قارشى بىر توققۇز
قېتىم!

ھەمدىيلەن: (تەڭ خۇشاللىنىپ) ھەۋا...
(ئايسۇزۇك بىلەن قول تۇتۇشقانچە چىقىپ كېتىدۇ. يىراقتىن: «ئالتۇنتاي، سەكرىمەسەن! قاراڭلار، ئايسۇزۇك نېمانچە سۇزۇك!؟... ۋۇ، نېمانچە سوغۇق؟ ۋاھ، جانىمنىڭ راھىتى ئىكەنغۇ! ...» دېگەنگە ئوخشاش سۆز-چاقچاقلار بولۇپ ئۆتىدۇ.)

[تاش پالۋان ناخشا بىلەن كىرىدۇ.]

تاش پالۋان: ناخشا:

ئايسۇزۇك، ۋاي ئايسۇزۇك،
سەنسىز مېنىڭ كۆڭلۈم ئۈزۈك.
شام ئۆزۈك، پەرۋانە مەن،
ھالىمغا سەپسالغىن تۈزۈك.

ئايقىز: (ناخشىلىق ئۇسسۇل بىلەن كىرىدۇ. قالتىس ناز-نازاكەت بىلەن ئويناپ كېتىدۇ.)

ئوت تۇتاشتى يۈرەككە،
ئاھىم يەتتى پەلەككە.
قاراپ قويۇڭ تاش پالۋان،
بەگ قىزىدىن بۆلەككە.

سۆيمەك تەقدىر - ئىرادە،
مۇھەببىتىم زىيادە.
دەردۇ- ھىجران چۆلىدە
مەن يېگانە پىيادە.

ئايسۇزۇك دەپ ئۆتەمدۇ،
كۈندۈزىڭىز- كېچىڭىز؟
يولىڭىزدا جان بەرسەم،
ئاغرىمامدۇ ئىچىڭىز؟

تاش پالۋان: (بۇ ناخشا - ئۇسسۇللار خىيالىغا كىرىپ باقمىغان ھالەتتە تەڭرىگە مۇراجىئەت قىلىدۇ).

ئاھ، خۇدا، سالدىڭ ئەجەب ئوت ئىلكىگە،
ئۇشبۇ ئوتنى تەڭمۇ تەڭ بۆل ئىككىگە.
پارچىسىنى قالدۇرۇپ جىسمىمدا سەن،
پارچىسىنى سال ئۇنىڭ پاك قەلبىگە!...

ئايقىز: كىمگە يىغلاپ، كىمگە يالۋۇرغاندۇرمەن، ئاھ، خۇدا! (يىغلايدۇ.)

قابان: (كىرىدۇ) ئايقىزىم، نېمانچە ئاھ ئۇرىسەن، بىچار قىزىم؟

ئايقىز: ئاتا، جېنىم ئاتا!... (تېخىمۇ يىغلايدۇ.)

قابان: بىر ئارزۇلۇق پەرزەنتىمنىڭ مۇنچە ھالغا چۈشەمكى ئاسانمۇ؟ رەھىم-شەپقەت قىلسىڭىز بولماسمىدى، ھۆرمەتلىك تاش پالۋان؟

تاش پالۋان: نېمە قىلغايسىز، قابان ئاتا. (چىقىپ كېتىدۇ.)

ئايقىز: ئۆتۈنۈپ قالاي، بۇ ئىشقا مېنى مەجبۇرلىمىسىڭىز، ئوبدان دادا!

قابان: ئۇ- قەبىلىمىزنىڭ تۈۋرۈكى، ھەر تەرەپكە داڭقى كەتكەن بىر پالۋان. ئۇنىڭدەك كۈيئوغۇلغا ئېرىشكەن ھەر قانداق ئاتا مۇرادى-مەقسىتىگە يەتمەمدۇ، قىزىم؟ قارا، چۆمۈلىۋاتقانلارغا نەزەر - كۆز يىرىنى سالماي كېتىۋاتقىنىغا قارىغىنا! بۇمۇ بىر ئۆزگىرىشتىن بىشارەت. بار، يېنىغا بار. قار- مۇز دېگەنمۇ ئاستا-ئاستا ئېرىيدۇ ئەمەسمۇ، قىزىم؟ (قىزىنى ماڭغۇزۇۋېتىپ) تاش، ھەي تاش، ياشىنىپ قالغان قەبىلە بېگىمىزنىڭ تەختىگە سېنىڭ قولۇڭ ئارقىلىق ئېرىشەرمەن دېمەيدىغان بولسام، نېمە قىلاتتىم مەن سېنى!؟ (چىقىپ كېتىدۇ.)

[ئوتلۇق بەگزادە بىلەن قۇتلۇق بەگزادە ناخشا بىلەن كىرىدۇ. ئۇلارنىڭ كەينىدە ئالىقمش ئاتا بىلەن قەددى-قامەتلىك ئىككى يىگىت.]

ناخشا:

تەڭرىتاغ - نۇرانە تاغ، مەردانە قەددى-قامىتى،
قوينىدا دەريا ئېزىم جانىمنىڭ ھوزۇرى-راھىتى.

چۆل كېزىپ، دەريا كېچىپ، تاغ ئاتلىغان
شەيدا ئېيىنىڭ
بۇ گۈزەل جەننەتتە گۈل ئاچقاي مۇرادى-
ئارمىنى.

**قۇتلۇق:** (قىزلار ئىككىلەپ قويۇپ كەتكەن نەيزە، ئومۇتلارنى كۆرۈپ) ۋاھ، بۇ ئاجايىپ نەيزە- ئومۇتلار!... ئىپار پۇرايدۇغۇ، ئىپار؟

**باشقىلار:** راست، ئىپار-ئەنبەر پۇراۋاتىدۇ.

**ئالتمىش ئاتا:** پەرىزاتلار، جەننەت ھۆرلىرى ياكى سەلتەنەتلىك ئوردا گۈزەللىرىنىڭ مۇبارەك قوللىرى تەگكەن قورالدەك قىلىدۇ.

**باشقىلار:** راست، نەقەدەر خۇش بوي-ھە؟

**قۇتلۇق:** جىم! كۈلكە-پەرىزاتلار كۈلكىسى، پەرىشتىلەر كۈلكىسى!

**ھەممە:** راست، ھۆرلەر كۈلكىسى! (ھەر تەرەپكە تەلپۈنىدۇ. بەزىلەر قورام تاش ئۈستىگە چىقىپ، قوللىرىنى سايىۋەن قىلىپ يىراقلارغا قارايدۇ.)

**يىگىت ئا:** ئەنە، دولقۇنغا قارشى ئۈزۈپ كېتىۋاتىدۇ بىر توپ پەرىزات!

**باشقىلار:** قېنى، قېنى؟

**يىگىت ئا:** بىر، ئىككى، ئۈچ...

**يىگىت ب:** يەنە بىرى كۆرۈندى، تۆت.

**ئوتلۇق:** بەش!

**ئالتمىش ئاتا:** يەتتە، يەتتە پەرىزات!

**يىگىت ئا:** لىباس، ئەنە، ئاۋۇ تاش ئۈستىدە شاھانە لىباس!

**يىگىت ب:** كىيىمنى كىيگەن ھامان ئاققۇ، ئاق كەپتەرلەرگە ئايلىنىپ ئۇچۇپ كېتىدىغان ھۆر-پەرىلەر بولۇپ قالمىسۇن يەنە.

**ئوتلۇق:** كىيىم-كېچەكلىرىنى يوشۇرۇپ قويۇپ يالىڭۇرتايلى، گۈزەل رۇخسارىنى قانغىچە تاماشا قىلايلى، بېرىڭلار!

**ئىككى يىگىت:** خوپ، بەگزادە (ماڭىدۇ).

**ئالتمىش ئاتا:** ھاي، يىگىتلەر، ھاي! گۈل-گىياھنىڭ زىننىتى ياپراق، ئىنسان زاتىنىڭ ئەدەب ۋە ئەخلاق. تەخىر قىلايلى. تۇلپارلىرىمىز بۇ ۋادىدا يايلىۋالسۇن، ئارام ئالايلى، جانلىرىمىز يايرىۋالسۇن.

**يىگىتلەر:** خوپ، دانىشمەن ئاتا (ھەر خىل شەكىلدە ئەركىن-بەھوزۇر ئولتۇرۇپ ئارام ئېلىشقا باشلايدۇ).

**يىگىت ئا:** قارىسىلا بەگزادەم، ئاۋۇ قارىغايغا ئېسىقلىق تۇرغان بىر جۈپ ئوق-ياغا قارىسىلا، ئالتۇن ئوق-ياغا!

**ئوتلۇق:** ۋال-ۋۇل شولا چېچىپ تۇرغىنىغا قارىغاندا، راست ئالتۇن ئوق-يا!

**يىگىت ئا:** ئەپكېلەيمۇ، بەگزادەم؟

**ئوتلۇق:** كۆرۈپ باقايلىمۇ، دانىشمەن ئاتا؟

**ئالتمىش ئاتا:** بولىدۇ، بەگزادەم.

**يىگىت ئا:** قول ئۇزاتتىم ئەمما (چىقىپ كېتىدۇ. باشقىلار سوئال نەزەرىدە قاراپ قالىدۇ. يىگىت بىر جۈپ ئوق-ياني ئېلىپ كىرىدۇ). راستتىنلا ئالتۇن ئوق-يا ئىكەن!

[ھەممەيلەن قولدىن - قولغا ئۆتكۈزۈپ كۆرىدۇ. «ئاجايىپ ئوق-يا ئىكەن»، «قالتىس ئوق-يا ئىكەن!» دەپ ماختايدۇ.]

**قۇتلۇق:** (بىرىنى قولىغا ئېلىپ) پاھ، نېمانچە قىزىق؟ بىر پارچە ئوتقۇ بۇ، بىرپارچە ئوت؟

**ئوتلۇق:** نېمە دەۋاتقانسەن، ئوكام؟ ھەممىمىز كۆرۈپ باقمىدۇقمۇ ھازىر؟ تۇتقىنىدا، مۇزدەك تۇرۇۋاتىدۇ مانا!

**قۇتلۇق:** ياق، مۇز ئەمەس، بىرپارچە ئوت، لاۋۇلداپ تۇرغان چوغ!... ئەي ئالتۇن ئوق-يا، خىسلەتلىك ئوق-يا!

ناخشا:

باياۋان ئەتكىن سېنى تۇتقان ھارارەتلىك
زىبا كىمدۇر؟
مېنى ئوت قوينىغا سالغان سۆيۈملۈك
دىلرابا كىمدۇر؟

ئايان بولدىكى كۆڭلۈمگە: بۇ ئوق-يا
ئايتۇرانىمنىڭ،
مېنىڭ كۈچ - قۇدرىتىم، بەختىم، ھاياتىم
ئايتۇرانىمدۇر.

يىگىت ب: بۇ قانداق مۆجىزە، دانىشمەن ئاتا؟

ئالقىش ئاتا: مەن دېمىگەنمۇ سىلەرگە؟ مۇھەببەت تەگرى تەرىپىدىن ئىككى يۈرەككە تەڭ سېلىنىدىغان خاسىيەتلىك چوغدۇر. ھەقىقى ئاشىق يۈرەكنىڭ كۆزى ئەنە شۇنداق ئۆتكۈر ۋە روشەن بولىدۇ. ئۇ، كۆرەلەيدۇ، تونۇيالايدۇ، جەزم قىلالايدۇ.

يىگىت ئا: (ھاياجانلىنىپ) پەرىزاتلار!

باشقىلار: قېنى؟

يىگىت ئا: ئەنە!

ئالقىش ئاتا: ئۇلار كېلىدۇ، قىممەتلىك قورالىرىنى ئالغىلى كېلىدۇ. جاي - جايىغا قويۇپ تۇرايلى، ئۆزىمىزنى دالدىغا ئېلىپ تۇرايلى.

باشقىلار: بولىدۇ، دانىشمەن ئاتا(قوراللارنى ئۆز جايىغا تىكلەپ قويىدۇ).

يىگىت ئا: بەگزادەم (ئوق-ياغا قول ئۇزىتىدۇ).

قۇتلۇق: ئايرىلغۇم يوق، نېمىشقىدۇر، زادىلا ئايرىلغۇم يوق. رۇخسەت قىلىڭىز، ئالقىش ئاتا، ئۆز ئېگىسىگە ئۆز قولۇم بىلەن تاپشۇرسام.

ئالقىش ئاتا: بولىدۇ. بېرىڭىنى ئېسىپ قويۇپ تۇرغىن، بالام.

يىگىت ئا: خوش، ئاتا (بىر ئوق-يانى ئېلىپ چىقىپ كېتىدۇ).

ئالقىش ئاتا: بەگزادىلىرىم (چىقىپ تۇرۇش ئىشارىسى).

[ھەممەيلەن چىقىپ كېتىدۇ.]

يىگىت ئا: (ئوقيانى ئېسىپ قويۇپ كېرىدۇ.) كېلىۋاتىدۇ، ئەنە! (چاققانلىق بىلەن چىقىپ كېتىدۇ.)

[ئايسۈزۈك قاتارلىق ئالتە پەرىزات ئۆز ئارا سۆزلەشكەن ھالدا كىرىدۇ.]

ئايتۇران: دەسلەپ چۈشكىلى ئۇنىمايدۇ، چۈشۈۋالسا چىققىلى.

ئايسۈزۈك: باشئەگىم سۈيى نېمانچە راھەتبەخش؟ راستىنلا چىققۇسى كەلمەيدىكەن ئادەمنىڭ.

[قىزلار قوراللىرىنى يىغىشتۇرۇشقا كىرىشىدۇ.]

ئالتۇنئاي: (كىرىدۇ، قولىدا بىر ئوق-يا) بىرى يوقا؟ ئۆز قولۇم بىلەن ئېسىپ قويغان تۇرسام؟

قىزلار: نېمە؟

ئايسۈزۈك: بۇ - مېنىڭ.

ئايتۇران: مېنىڭچۇ؟

ئالتۇنئاي: تاش پالۋان چاقچاق قىلغانمىدۇ - يە؟

ئايتۇران: ئاچامغا كۆيۈپ يۈرگەن يىگىتنىڭ ماڭا چاقچاق قىلغىنى قانداق؟ كۆڭلۈم گۇۋاھلىق بېرىۋاتىدۇ. بۇ باشقا بىرىنىڭ چاقچىقى، غايىۋى مۇھەببەتلىك چاقچىقى.

قۇتلۇق: (كىرىدۇ، قولىدا ئوق-يا) سالام جانان، سالام ھۆر- پەرىزاتلار.

قىزلار: خوش كېلىپسىز، ناتونۇش يىگىت.

قۇتلۇق: ناخشا:

سالام جانان، ھارارەتلىك يۈرەكتىن
ئېھتىرام، جانان،
كۆرۈپ نۇرانە ۋەسلىڭنى جېنىم تاپتى
ئارام، جانان.

ئەزىز نامىڭ ماڭا يەتتى، جېنىم - جىسمىمغا
ئوت كەتتى،
بۇ ئاتەش-ئوت ئارا بىدار كۆيەرمەن سۇبھى-
شام، جانان،

رىدىزالىق ئەيلىمەسەڭ مېھرى بولاقىڭغا
چۆمۈلمەككە،
بولاتتى غايەۋى ئارزۇ - مۇرادىم ھەل
تامام، جانان.

ئوتلۇق: (كىرىدۇ، ئايتۇران ئالدىدا
تىزلىنىدۇ.)

سېنى دەپ دەشتۇ چۆل كەزدىم، مادارىم
قالمىدى چاڭقاپ،
مۇھەببەت جامىدا تۇتقىن سۆزۈك شەربەت-
قىيام، جانان.

ئايتۇران: نېمە ئىش بۇ؟
قىزلار: نېمە قىلغىنى بۇ؟
قۇتلۇق: ئاكا، جېنىم ئاكا، نېمىگەپ،
قانداق قىلىق بۇ؟

ئوتلۇق: مەنمۇ ئاشىق بولۇپ قالدىم، ئاشۇ
پەرىزاتقا ئاشىق بولۇپ قالدىم!

ئايسۇزۇك: (كىرىدۋاتقان ئالقىمىش ئاتىغا)
سالام ھۆرمەتلىك دانىشمەن ئاتا، ھارمىغايلا،
ئۆزلىرى تەربىيلىگەن پەرزەنتلىك بەگزادى-
لىرىمىز مۇشۇلارمىكىن؟

ئالقىمىش ئاتا: شۇنداق، ئايسۇزۇك ئايىم،
بۇ يىگىت - ئوتلۇق بەگزادە، بۇ يىگىت -
قۇتلۇق بەگزادە، بىز - مەسلىھەتچىلىرى،
قولداشلىرى.

ئايسۇزۇك: خوش، كەمىنە ئايسۇزۇككە
غايىۋى ئاشىق يىگىت ئۆزلىرىمۇ؟
(ئوتلۇق بەگزادە جىم تۇرۇۋالىدۇ.)
يىگىتلەر: سالام قىلىسىلا، بەگزادە.
(ئوتلۇق بەگزادە مىدىرلىمايدۇ.)

ئايسۇزۇك: خوش، سىڭلىم ئايتۇرانغا
غايىۋى ئاشىق يىگىت قايسىلىرى؟
قۇتلۇق: كەمىنە قۇللىرى - قۇتلۇق.
ئوتلۇق: مەن بەگزادە ئوتلۇق.
ئالقىمىش ئاتا: بۇ قانداق گەپ، بەگزادە؟

ئايسۇزۇك: ناخشا:
ئېيتىڭلار، بىر سىڭلىمنى
قانداق بۆلەي ئىككىگە.
مەن تاپشۇراي سىڭلىمنى
قايسىڭلارنىڭ ئىلكىگە؟
ئوتلۇق: ئۇ ئىنىمدۇر، مەن - ئاكا،
تاللاش رېتى مېنىڭكى.
كۆڭلۈم سۆيگەن گۈزەلنىڭ
مۇھەببىتى مېنىڭكى.
ئايسۇزۇك: مەنمۇ ئاچا، ئۇ - سىڭلىم،
بۇمۇ تەقدىر - ئىرادە.
تاللىۋالسام سىزنى مەن،
نېمە دەيسىز، بەگزادە؟
ئوتلۇق: (ئوڭايسىزلىنىش - ئالاقزادىلىك
ئىچىدە) ساھىبجامال، بۇ... بۇ...
ئايسۇزۇك: ئۇنداق بولسا بۇ توگۈننى
سىڭلىم ئايتۇراننىڭ دەل ئۆزى يەشسۇن،
بولامدۇ سىڭلىم؟
ئايتۇران: خوپ. (بەگزادىلەرگە)

مەيدانغا لايىق
مەردانە كېرەك.
كۆيگەن چىراغقا
پەرۋانە كېرەك.
تۇتۇشۇڭلار بەل،
زەبەردەس تۇرۇپ.
قوچقۇڭلار زەپەر،
تۇپراققا ئۇرۇپ.
بۇ - بىرىنچى شەرت،
قېنى، مەرھەمەت!
ئوتلۇق: خوپ، ساھىبجامال. قېنى، مەيدانغا
چۈشەيلى، ئۇكام!

ئالقىمىش ئاتا: ھاي، ئوتلۇق بەگزادەم،
ھاي ...
ئىككى يىگىت: بەگزادەم، ھاي (توسىدۇ).
ئوتلۇق: كۆكتە تەڭرى، يەر - زېمىندا
ھەر بىرلىرى گۇۋاھ. تەۋەككۇل دەرياسىغا

سەكرىمەكتىن بۆلەك ئامالىمىز يوق. قېنى، كەل، قەدىردان ئىنىم!

قۇتلۇق: ناخشا:

ئاكا - ئۇكا قوشكېزەك بىز،
ئىككى ۋۇجۇد، بىر يۈرەك بىز،
چىن ۋاپادار، يار - يۆلەك بىز،
بەل تۇتماققا يوقتۇر رايىم.

ئوتلۇق: قويغىنا ئۇنداق گېپىڭنى!

قوتلۇق: دەس كۆتۈرۈپ ئېتىپ ئۇرسام،
رۇخسارىغا چاڭ قوندۇرسام،
يانپېشىنى يا سۇندۇرسام،
قانداق چىدار مېنىڭ جانىم؟

باشقىلار: راست ئەمەسمۇ؟

ئوتلۇق: نوچىلىقىنى تېخى!

قۇتلۇق: (ناخشىسىنى داۋاملاشتۇرۇۋېرىدۇ.)

سىزدە چەكسىز ئېسىل خىسلەت،
بەھرى- ھىممەت، مېھرى - شەپقەت،
بۇندىن بۆلەك مىڭلارچە شەرت
قويۇڭ، گۈزەل ئايتۇرانىم.

ئالقىش ئاتقان يىگىتلەر: شۇنداق قىلىسىڭىز، ھەممەتلىك پەرىشتە.

ئايتۇران: خوپ، بۇ ھەقتە كېيىنچە بىر نېمە دەيلى. (بارمىقىدىن ئۈزۈك چىقىرىپ) بۇ ئۈزۈكنى مەن ئەنە ئاۋۇ قىيا تاش ئۈستىدە ئېگىز كۆتۈرۈپ تۇرىمەن. سىلەر ئوقنى ئۈزۈكتىن ئۆتكۈزۈسىلەر. تۇرىدىغان ئورنىڭلار- ئاۋۇ يەر.

ئوتلۇق: بولىدۇ. ئۈزۈك ئەمەس، يىڭنە تۆشۈكىدىن ئۆتكۈزۈشنىمۇ قولىمىزدىن كېلىدۇ. قېنى، ئوق - يارىڭىزنى بېرىڭ، پەرىشتە.

ئايتۇران: ھەر ئىشنىڭ ئۆز رېتى، ئۆز نۆۋىتى بولىدۇغۇ دەيمەن؟

قۇتلۇق: مەن - ئاكا، نۆۋەت مېنىڭ، شۇنداقمۇ، ئۇكام؟

قۇتلۇق: مەن رازى، ئاكا.

ئايتۇران: ئوق - يانى ئېلىڭ، ئاشىق يىگىت.

قۇتلۇق: ئەي خانتەڭرى گۈزىلى، مېنىڭ سۆيۈملۈك پەرىشتەم، ئوقنىڭ كۆزى يوق، ئالتۇن ئۈزۈكنى سىزنىڭ ئورنىڭىزدا مەن تۇتۇپ تۇراي.

ئوتلۇق: نېمانداق گېپىڭ تۈگىمەيدىغاندۇ، ئۇكام؟ ئاكاڭنىڭ كارامىتىنى كۆرۈپ باقمىغاندەك سۆزلىمىسەڭچۇ!

ئايتۇران: لەۋزىمدىن يانالمايمەن، خاتىرجەم بولۇڭ، ئاشىق يىگىت (چىقىپ كېتىدۇ.)

[ئوتلۇق بەگزادە ئوق - يانى نىشانلاپ، تەييار ھالەتتە تۇرىدۇ. يىگىت - قىزلارنىڭ ھەممىسى بىر خىل جىددىيلىك ئىچىدە بىردەم ئوتلۇققا، بىردەم ئايتۇران چىقىپ كەتكەن تەرەپكە قارايدۇ.]

ئوتلۇق: ھېسابمۇ؟

ئايتۇران: (سىرتتىن) ھېساب!

ئوتلۇق: يا - بەختى - پېشانەم! (ئاتىدۇ.)

ئايسۇزۈك قىزلار: (ئەنسىزلىك بىلەن) ئايتۇران! (سىرتقا ئۆزىنى ئاتىدۇ.)

قۇتلۇق: ئايتۇران! (سىرتقا ئىنتىلىدۇ.)

ئوتلۇق: شۇمۇ ئوق - يا بولدىمۇ!؟ (يەرگە ئاتماقچى بولۇپ توختاپ قالىدۇ.)

[قىزلار ئايتۇراننى ئېلىپ كىرىدۇ.]

ئايسۇزۈك: تاس - تاماس قاپتۇ ئالقىنىڭنى تېشىپ ئۆتۈپ كەتكىلى!

ئايدىن: قاتتىق ئاغرىۋاتامدۇ، خان ئايىم؟

ئايتۇران: ئانچە ئەمەس، باش بارمىقىمنى سۈرۈپ ئۆتۈپ كېتىپتۇ.

ئەرلەر: (ئۈز ئارا) تەگرىنىڭ ئىلتىپاتىغا رەھمەت.

قۇتلۇق: مەھكەم تېڭمۇپتەيلى، ئايتۇران (قولياغلىقى بىلەن تاڭىدۇ).

ئايتۇران: رەھمەت سىزگە، ئاشىق يىگىت، قان توختىدى، ئاغرىق پەسەيدى، داۋاملاشتۇرۇۋېرەيلى ئۈز ئىشىمىزنى.

ئاق چېچەك: خان ئايىم، سىزنىڭ ئورنىڭىزدا مەن تۇراي.

ئالتۇنئاي: مەن تۇراي.

ئايسۇلۇك: مەن تۇراي، سىڭلىم، ماڭا بەر ئۈزۈكنى.

ئايتۇران: رەھمەت، ئاچا، ئۈزۈم تۇرۇۋېرەي. يانى ئېنىڭىزگە تاپشۇرۇڭ، ئاشىق يىگىت.

ئوتلۇق: (ئۈز - ئۈزىگە) ئەككىلىك پۇقىرىغا ماڭغان بولسا، ھەي . . . (ئەلەم بىلەن قۇتلۇققا بېرىدۇ) بۇنىمۇ كۆرىمىز تېخى!

ئايتۇران: مانا ئوق.

قۇتلۇق: سىزگە قاراپ قاندىقمۇ ئوق ئاتقىلى بولار، ئەي ساھىبجامال؟

ئايتۇران: ماڭا ئەمەس، ئۈزۈككە قارىتىپ ئېتىڭ، ئاشىق يىگىت! (چىقىپ كېتىدۇ.)

ئالقىش ئاتا: ئۈزلىرىنى توختىتىۋېلىپراق ـ ھە، بەگزادىم.

يىگىتلەر: تەمكىن تۇرسىلا، بەگزادىم.

قۇتلۇق: رەھمەت سىلەرگە.

ئايتۇران: ئېتىڭ، ئاشىق يىگىت!

قۇتلۇق: (راسا نىشانلاپ) يا - تەگرىمدىن مەدەت! (ئاتىدۇ.)

قىزلار: (بىردەك) ياخشى! (ئايتۇران تەرەپكە چاپىدۇ.)

يىگىتلەر: بارىكاللا، بەگزادىم! (قۇتلۇقنى كۆتۈرىدۇ.)

[قىزلار ئايتۇراننى كۆتۈرۈپ كىرىدۇ، ئايتۇراننىڭ قولىدا ئۈزۈكتىن ئۆتكەن ئوق، قۇتلۇقنىڭكىدە يا. ئوق بىلەن يا تەبىئىي ھالدا بىرلىشىپ قالىدۇ.]

ئوتلۇق: (چىدىماسلىق، بىئاراملىق بىلەن) قېنى، قالغان شەرتلىرىڭىزنى دەڭ، ساھىبجامال!

ئايتۇران: خوپ، ئاشىق يىگىت. (بويىنىدىكى جۇلالىق گۆھەرنى قولىغا ئېلىپ) مانا بۇ بىباھا گۆھەرنى مەن ئەنە شۇ دولقۇنلۇق ئېقىنغا ئاتىمەن. تېز پۇرسەتتە سۈزۈپ چىقىشىڭلار شەرت!

ئوتلۇق
قۇتلۇق : خوپ، ساھىبجامال (كېپىنەك تونلىرىنى سېلىپ، يىگىتلەرگە تۇتقۇزۇپ قويۇپ، دەريا قىرغىقىدا تەييار ھالەتتە تۇرىدۇ.)

ئالتۇنئاي: يىگىتلەر، يىرتقۇچ لەھەڭ بار جۇمۇ!

ئايدىن: زەھەر چىشلىق تىمساقمۇ بار تېخى!

قۇتلۇق: ئادەمخور ئەجدىھار، بولسىمۇ مەيلى!

ئوتلۇق: يا ئۆلۈم، يا كۆرۈم!

ئايتۇران: ئاشىق يىگىتلەر، مانا ئاتتىم! (قايىنامغا قارىتىپ كۈچ بىلەن ئاتىدۇ.)

بەگزادىلەر: يا - تەگرىمدىن مەدەت! (دەرياغا ئۈزىنى ئاتىدۇ.)

[يىگىت-قىزلار ئېقىن بويىلاپ پايپاسلىشىدۇ.]

تەشۋىشلىك پاراڭلار:

ـ ئەنە، قايىنامغا كىرىپ كەتتى!

ـ خادا تاشلارغا سوقۇلۇپ كېتەرمۇ؟

ـ كۆرۈنمەيدىغۇ شۇ چاغقىچە؟

ـ راستىنلا لەھەڭ ـ تىمساق بارمىدۇ؟

ـ لەھەڭ ـ تىمساق بولسا، بەھوزۇر چۆمۈلۈپ، ئوينىاپ يۈرەرمىدى بۇ پەرىزاتلار!

يىگىتلەر: (سىرتتىن سادا) چىقتى، بەگزادە چىقتى!

ئايدىن: سۈزۈپ چىقالىغانىمدۇ؟

ئاق چېچەك: كىم سۈزۈپ چىققاندۇ؟

ئايسۇزۈك: سىڭلىم، ئاكىسى سۈزۈپ چىققان بولسا قانداق قىلىسەن؟

ئايتۇران: ئۇنىڭدا مۇنچىلىك ئىرادە، جاسارەت باردەك ئەمەس.

ئالتۇنئاي: چوڭ بەگزادە سۈزۈپ چىققان ئوخشايدۇ، ئەنە!

ئايتۇران: دېمىدىمۇ، روھىي ھالىتى غالىبلارچە ئەمەس.

[ئالقىش ئاتا قەھرى ـ غەزىپى ئۆرلىگەن ئوتلۇق بەگزادىنى ئېلىپ كىرىدۇ.]

ئايتۇران: ئامانەتنى تاپشۇرۇڭ، ئاشىق يىگىت.

ئوتلۇق: (تەتۈر قاراپ، ئۆز ـ ئۆزىگە) شۇنداق خەتەرلىك ئېقىندىنمۇ گۆھەر سۈزگىلى بولامدۇ؟ دەۋاتقان كېپىنى!

ئايسۇزۈك: (ئالقىش ئاتىغا) كىچىك بەگزادىمىزدىن خەۋەر يوققۇ تېخىچە؟

ئالقىش ئاتا: ئازراق تەخىر قىلىپ تۇرايلى، خان ئايىم.

ئوتلۇق: بېلىقلارغا يەم بولمىغىيدى ئۇ بىغەرەز!

ئىككى يىگىت: (سىرتتىن سادا ) چىقتى، بەگزادە چىقتى!

[مەيداندىكىلەردە بىر خىل جانلىنىش، بەزىلەر ئالغا يۈگۈرەيدۇ، بەزىلەر تاش ئۈستىگە چىقىپ بويۇنىدايدۇ.]

ئايدىن / ئالتۇنئاي: بېلىق كۆتۈرۈۋالغىنى نېمىسى؟

ئوتلۇق: ھە!؟ (ئېگىزگە چىقىپ) ئۇنىڭ سۈزۈپ چىققان گۆھەرىگە قاراڭلار، ھا ـ ھا ـ ھا! . . .

[يىگىت ـ قىزلارنىڭ ھەمراھلىقىدا غەلىبە خۇشاللىقىغا چۆمۈلگەن قۇتلۇق بەگزادە كىرىدۇ. ئۇنىڭ قولىدا يوغان بىر بېلىق.]

ئايسۇزۈك / ئاق چېچەك: نېمە ئىش، نېمە كارامەتتۇ بۇ؟

ئوتلۇق: گۆھەر دېگەن نۇر چاچاتتى. بۇنىڭ ئۆزى مۆلدۈر چاچىدىكەنغۇ، مۆلدۈر!

ئايتۇران: پاراسەتلىك يىگىت، كۆرسىتىڭ كارامىتىڭىزنى! (شەمشىرىنى ئۇزىتىدۇ.)

قۇتلۇق: (بېلىقنىڭ قارنىنى يېرىپ) تاپشۇرۇپ ئېلىڭ قىممەتلىك ئامانىتىڭىزنى!

ئايتۇران: (نۇر چېچىپ تۇرغان گۆھەرنى يۇقىرى كۆتۈرۈپ) بېلىقنىڭ ئاغزىدىن چىققان نۇر ئېقىمىنى بويلاپ ئۈزۈپ، باغراش كۆلى ئاغزىدىن تۇتۇپ كەپسىز ـ دە، پەھلىۋان يىگىت، پاراسەتلىك يىگىت!

ناخشا:

تەڭرى يەتكۈزدى ماڭا ئاتەش يۈرەك مەر-
دانىنى،
مۆڭلىنىپ يانغان چىراغقا جان پىدا پەرۋا-
نىنى.
ئىشقىڭىز قىلدى ئەسىر بىر ناتىۋاننىڭ
جانىنى،
كىممۇ سۆيمەس پاك پەزىلەت بابىدا يە-
گانىنى.
رازىلىق بەلگەم مۇشۇ ئالتۇن ئۈزۈك،
ئوقيا، گۆھەر،
رازى بولغاي بەگ ئاتام كۆرسە كۈيەۋ ئوغلانىنى.

(ئۈزۈك، گۆھەر، ئوقيانى ھۆرمەت بىلەن ئۇزىتىدۇ.)

قۇتلۇق: ناخشا:

جان تەسەددۇق ئەي پەرىشتەم، گۈل ـ چې-
چەك ئاچقۇزدىڭىز،

مەن كەبى سەۋدايىمنىڭ ئالىي مۇراد-ئارمانىنى.

يىگىت - قىزلار: مۇبارەك بولسۇن! مۇبارەك بولسۇن!

ئوتلۇق: داد، ساھىبجامال، داد! ئەرزىم بار!

ئايتۇران: نېمە ئەرز، ئاشىق يىگىت؟

ئوتلۇق: ھەممىسى بىرىنچى شەرتنى ئادا قىلمىغانلىقنىڭ كاساپىتى! ئەگەر چېلىشقان بولسام، جەزمەن دەس كۆتۈرۈپ يەرگە ئۇراتتىم. قولى سۇناتتى ياكى قوۋۇرغىسى. ھېچ بولمىغاندا، روھى سۇناتتى. ئۇقىنىمۇ دىل جايىغا تەككۈزەلمەيتتى، ئېقىنىغىمۇ سەكرىيەلمەيتتى. ئۇ، دەسلەپتىلا مۇغەمبەرلىك قىلدى. بۇ ھېساب ئەمەس!

باشقىلار: ھېساب!

ئوتلۇق: ھېساب ئەمەس دېدىم، ھېساب ئەمەس!

ئايتۇران: قايىل ئەمەسمۇ سىز، ئاشىق يىگىت؟!

ئوتلۇق: قايىل ئەمەس، ئۆلسەممۇ قايىل ئەمەس!

ئايتۇران: ئۇنداق بولسا، بەل تۇتۇڭ، چېلىشىڭ!

ئوتلۇق: چېلىشىمەن! كەل، ھارامزادە!

قۇتلۇق: ئاكا، جېنىم ئاكا، مۇشۇ ئىشقا زورلىمىساڭ، مەجبۇر قىلمىساڭ بولاتتى.

ئالقىش ئاتا: ئوتلۇق بەگزادە، بولدى قىلسىلا، تەقدىرگە تەن بەرسىلە.

ئىككى يىگىت: بولدى قىلسىلا، ئوتلۇق بەگزادە!

ئوتلۇق: تولا ئارىلاشماڭلار، بەس! كەل، ھارامزادە!

قۇتلۇق: ئايىغان - ئاسرىغاننى، يول قويغاننى بىلمىدىڭ، قەدىرلىك ئاكا. قېنى، كەل، بېلىمنى تۇت!

[ئىككى بەگزادە خېلىغىچە بەل تۇتۇشىدۇ]

قۇتلۇق: (ئاكىسىنى باشتىن ئېگىز كۆتۈرۈپ) يەنىلا يېنىمگىنى يەرگە تەككۈزگۈم يوق، قان - قېرىندىشىم. ھېسابىمۇ - ھېساب ئەمەس؟

ئايتۇران: ھېساب!

باشقىلار: ھېساب، بەگزادە!

قۇتلۇق: (ئاكىسىنى دەسسىتىپ قويۇپ) ئەمدى كېپىڭ تۈگمىگەندۇ، ئاكا؟

ئوتلۇق: سەن - ئۇكا، مەن - ئاكا، ئۇنتۇما جۇمۇ! مەندىن بۇرۇن توي قىلىشىڭ، مەن سۆيگەننى ئېلىۋېلىشىڭ پۈتۈنلەي خام-خىيال! (پەش قېقىپ چىقىپ كېتىدۇ.)

ئالقىش ئاتا: بەگزادەم!... ھەي، شۇ بالىنى - زە...

يىگىت ئا: قۇتلۇق بەگزادىمىزنىڭ ئارزۇ - مۇرادى گۈل - چېچەك ئاچتى.

ئايسۇزۇك: شۇنداق، ئۇنىڭ ئارزۇ - مۇرادى گۈل - چېچەك ئاچتى. مەن بىچارىنىڭ گۈزەل ئارزۇ - ئارمانلىرىچۇ؟

ئايتۇران: بۇ نېمە دېگىنىڭ، ئاچا؟ قەبىلىمىزنىڭ شۇنچە ئابرويلۇق پالۋىنى ئوتتۇگدا كۆيۈپ، سۆيىگىدە ئېقىپ كېلىۋاتسا؟

ئايسۇزۇك: راست، ئۇ ماڭا ئاشىق، بىر پەرىزات ئۇنىڭغا ئاشىق ئۇنىڭ ئىشقى ئوتى تاشقا تۇتاشمايدۇ، تاشنىڭكى ماڭا. مۇھەببەت تىلىگەنگە بېرىدۇ-تىكىلى بولمايدىغان خىسلەتلىك چوغ تۇرسا، بىزدە نېمە ئامال؟

ناخشا:

ئەل كېزەتتىم جان پىدا مەردانە دىلدار ئاقتۇرۇپ،

سىزنى ئەي قۇتلۇق، يىگىت قالدىم يۈرەكتىن ياقتۇرۇپ.

ئايتۇران: ئەمدى نېمە دېگۈلۈك؟ ئاھ، خۇدا!!

**ئايسۇزۇك:**
قانچە شاھ، شاھزادىلار، لەشكەر بېشى، بەگ-
زادىلەر،
چۆلدە قالغان «ئاھ، قەدىردان ئايسۇزۇك»
دەپ ئاھ ئۇرۇپ.

**ئايدىن**
**ئالتۇنئاي** : راست، پۈتۈنلەي راست.

**ئايسۇزۇك:**
ئەي سۆيۈملۈك نەۋقىرانىم، سىزنى قالدىم
ياقتۇرۇپ،
مەن ئۆتەيمۇ ئەمدى ئوت - ئاتەش ئى-
چىدە ئاھ ئۇرۇپ؟

(قۇتلۇقنىڭ ئالدىدا تىزلىنىدۇ.)

**قۇتلۇق:** ئايسۇزۇك، نېمە قىلغىنىڭىز بۇ، قەدىرلىك ئايسۇزۇك؟ (يۆلەپ تۇرغۇزىدۇ.)

**ئايسۇزۇك:** جاۋاب بېرىڭ، بەگزادەم، مېنى مۇنچە قىينىماڭ. سۆز بېرىڭ، ھەممەيلەننىڭ كۆز ئالدىدا سۆز بېرىڭ، سۆيۈملۈك يىگىت!

**قۇتلۇق:** ناخشا:

شېرىن جاۋاب - شېرىن سۆز
بېرەلمەيمەن، رەنجىمەڭ.
بىر يالقۇندا سىز بىلەن
كۆيەلمەيمەن، رەنجىمەڭ.

بىر كۆڭۈلنى ئىككىگە
بۆلەلمەيمەن، رەنجىمەڭ.
دىلدارىمدىن بۆلەكنى
سۆيەلمەيمەن، رەنجىمەڭ.

**ئايتۇران:** خۇدا، مۇنچە تەكىلىكتە قالدۇرمىساڭچۇ مېنى!

**ئايسۇزۇك:** ناخشا:

ئىككى يولۋاس سىغمىدۇ
كىچىككىنە ئىنىغا.
ئىككى شەمشەر - زۇلپىقار
تەڭ سىغمىدۇ قىنىغا.

بىر ئۇرۇقچا ئىچىدە
قوشماق مېغىز - قوش مېغىز.
شۇنچە كەڭرى كۆڭۈلگە
سىغمامدۇق بىز- ئىككىمىز؟

**ئايتۇران:** ئاچا؟...

**قۇتلۇق:** بۇ قانداق گەپ، ئايسۇزۇك؟

**ئالتۇنئاي:** (قوشاق)

ئايتۇران ھەم ئايسۇزۇك،
كۆھەر كۆزلۈك زەر ئۈزۈك.
زەر ئۈزۈكنى گۆھەردىن
ئايرىمىغان خوپ- تۈزۈك.

**قىزلار:** راست!

**قۇتلۇق**
**ئايتۇران** : نېمە دەۋاتىسىلەر، قىزلار؟

**ئاق چېچەك:** (قوشاق)

تەڭرى بىزگە پاناھدۇر،
ھەممە ئىشقا گۇۋاھدۇر.
ئاچا- سىڭىل بۇ يۇرتتا
بىر يىگىتكە راۋادۇر.

**ئالتۇنئاي** : ئاغرىقىغا يۈرەكنىڭ،
**ئايدىن** : قوشكېزەكلەر داۋادۇر.

**قىزلار:** ھا -ھا -ھا...

**قۇتلۇق**
**ئايتۇران** : (تىكىرقاش ئىچىدە)

[قىز خەۋەرچى كىرىدۇ.]

**قىز خەۋەرچى:** ئەي ساھىبجاماللار، ئاڭلى-ىدىم دېمەڭلەر، ماكىدونىيە پادىشاھى قوش مۈڭگۈزلۈك ئىسكەندەر مۇقەددەس تۇپرىقى-مىزغا قاراپ لەشكەر تارتىپ كېلىۋېتىپتۇ!

**ھەممەيلەن:** (قەھرى - غەزەپ بىلەن) ئىس-كەندەر زۇلقەرنەيىن؟! (بەزىلەر قىلىچىنى سۇغۇرۇۋاتقان، بەزىلەر نەيزە - ئۇمۇتلىرى-نى ئېلىشقا تەمشىلىۋاتقان ھالدا چىراغ ئۆ-چىدۇ، پەردە چۈشىدۇ.)

## ئۈچىنچى كۆرۈنۈش

ۋاقتى: ياز، كېچە.

سەھنە: شاھ ئىسكەندەر ئورۇنلاشقان كاتتا ساراي. ئالتۇن شامدانلاردا يېنىپ تۇرغان توپ - توپ شام. ئىسكەندەر بىئاراملىق ئىچىدە شاراب ئىچمەكتە. يېنىدا ھەربىي مەسلىھەتچى (ئا – ب)، ئەتراپىدا قوراللىق نەۋكەرلەر.

ئىسكەندەر: ئىچەي، قانغىچە ئىچەي، ئىچىمدىكى قىپقىزىل چوغلار كۆيۈپ كۈلگە ئايلانغىچە ئىچەي!..

مەسلىھەتچىلەر: ناخشا:

ئەي كەرەملىك شاھ،
شاھلارنىڭ شاھى،
ئەل خەيرىخاھى،
ئالەم پاناھى؛

ئەگدى نى - نى شاھ
ئالدىڭىزدا باش.
پەرمانىڭىزدا
ئاي بىرلە قۇياش.

نېمىگە ھاجەت
قايغۇرۇش مۇنچە؟
ئۇيقۇدىن بىدار
ئاھ ئۇرۇش مۇنچە؟

ئىسكەندەر: ناخشا:

خانتەڭرى تامان
ئات سالسام ئامان،
يوللىرىم ئەمەس
نېمىشقا راۋان؟

تاشپاقا بولدى
تۇلپارىم گويا.
قايرىلدى، سۇندى
ئوق- يارىم گويا،

كۈندە مىڭ قازا -
تالاپەت ماڭا.
نى ئات، نى نومۇس،
ھاقارەت ماڭا!

مەسلىھەتچى ئا: ئەي شاھى ئالەم، بىز شۇ كەمگىچە كۆرۈپ باقمىغان ۋە ئويلاپ يەتمىگەن قۇدرەتلىك رەقىبكە دۇچ كەلمەكتىمىز. تەكشۈرۈش نەتىجىمىزدىن مەلۇم بولۇشىچە، لەشكىرىي بىلىم - سەنئەت جەھەتتە ئۇلار بىر تالاي ئارتۇقچىلىقلارغا ئىگە ئىكەن.

ئىسكەندەر: ئەس - يادىم سىزدە.

مەسلىھەتچى ب: ھەر بىر لەشكىرىي قىسىم باش قوماندان تەرىپىدىن بەلگىلەپ بېرىلگەن مەخسۇس مەخپىي بەلگىنى ئىشلىتىدىكەن. بۇنى ئۇلار «ئىم» دەپ ئاتايدىكەن. ئۇلاردا «ئىم بىلمىسە ئەر ئۆلمەس» دېگەن ماقالمۇ بار ئىكەن.

ئىسكەندەر: يەنىچۇ؟

مەسلىھەتچى ئا: ئۇلارنىڭ «ئاقىنچى» دەپ ئاتىلىدىغان لەشكىرىي قىسىملىرى ھەر دائىم كېچىلىك ئۇرۇش قىلىدىكەن. «يەزاك» دېگەن قىسمى چارلاش ۋەزىپىسىنى، «ئىرتىغ» دېگەن قىسمى مەخسۇسلا پادىشاھنى قوغداش ۋەزىپىسىنى ئۆتەيدىكەن. ئۇلار ئەسىر تۇتۇشقا قاتتىق كۈچ چىقىرىدىكەن. ئەسىر تۇتۇشنى «تىل تۇتۇش» دەپ ئاتايدىكەن.

ئىسكەندەر: ئۇلارنىڭ «ئۈكەر چېرىك» دېگىنىچۇ؟

مەسلىھەتچى ب: ئۈكەر يۇلتۇزىنىڭ نامى بىلەن ئاتىلىدىغان بىر خىل تولىمۇ خەتەرلىك لەشكىرىي قاپقان ئىكەن، ئۇنىڭغا دەسسەپ سېلىشتىن خۇدا ساقلىسۇن.

ئىسكەندەر: يەنە نېمىلەردىن خەۋەر تاپتىڭلار؟

**مەسلىھەتچى ئا:** بىرەر مىڭ چامىدا بىردىن قاراۋۇل تۇراسى بار ئىكەن، ئاسمانپەلەك قاراۋۇل تۇرا.

**مەسلىھەتچى ب:** ئۇلارنىڭ جەڭ قوشاقلىرىمۇ ئاجايىپ - غارايىپ ئىكەن. ئاڭلىغان كىشىنىڭ جېنى سىرقىرايدۇ:

«ئالىپلار ئارىغ ئالقىشۇر،
كۆچ بىر قىلىپ ئارقاشۇر،
بىر - بىر ئۇزە ئالقىشۇر،
ئۆزگەر مەزىپ ئوق ئاتار.»

**مەسلىھەتچى ئا:**

«قودرۇق قاتىغ تۇگدۇمىز،
تەڭرى ئۇگۈش ئۆگدۇمىز،
كەمىشىپ ئاتىغ تەگدىمىز،
ئالداپ يانا قاچىتىمىز.»

**ئىسكەندەر:** مەنىسى نېمە ئىكەن؟

**مەسلىھەتچى ئا:**

باھادىرلار جەڭ قىلىدۇ شىددەت بىلەن،
بىر-بىرىگە ئۇلۇغ ھىممەت، رىغبەت بىلەن.
قورقۇش دېگەن، ئۆلۈم دېگەن نېمە ئۇ،
ئوق ئاتىمىز چەكسىز غەزەپ - نەپرەت بىلەن.

**مەسلىھەتچى ب:**

ئات قۇيرۇقىنى قاتتىق - قاتتىق تۈگىمىز،
ھەق ئاللاغا ھەمدۇ - سانا ئېيتىمىز.
ئات ئۇينىتىپ ياۋغا قاتتىق تېگىمىز،
ئالداپ قېچىپ جاجىسىنى بېرىمىز!

**ئىسكەندەر:** نېمىدېگەن دەھشەتلىك - ھە؟

**مەسلىھەتچى ئا:** ئۇنىڭدىنمۇ دەھشەتلىكى بار، شاھى ئالەم

**ئىسكەندەر:** ئۇ، نېمە؟

**مەسلىھەتچى ئا - ب:** «ئۇرۇرا، ئۇرۇرا، ئۇررا!»

**ئىسكەندەر:** (ھودۇقۇپ كېتىپ) ھە!؟

**مەسلىھەتچى ئا:** ئۇلار شۇنداق ۋارقىرايدىكەن مىڭلاپ يولۋاس نەرە تارتقاندەك.

**مەسلىھەتچى ب:** بىلىنمىدىكەن ئادەمگە گويا گۈلدۈرماما گۈلدۈرلەۋاتقاندەك، ئاسمان - زېمىن تىترەۋاتقاندەك.

**ئىسكەندەر:** ئەي ئەقىلدارلىرىم، دانىشمەنلىرىم، ئېيتىڭلارچۇ؟

ناخشا:

بىز كىرىپ قالدۇقمۇ يا
سىرتماقتا، خەۋپلىك ھالقىغا؟
كەلتۈرۈپ شەنىمگە داغ،
ئەمدى يانايمۇ ئارقىغا؟

تاجۇ - تەختىم نە بولۇر
يانسام ئەلەم - ھەسرەت بىلەن؟
نە بولۇر ھەتتا ھاياتىم
بۇ ئازاب - كۈلپەت بىلەن؟

**لەشكەر بېشى:** (كىرىدۇ) ئەي شاھلارنىڭ شاھى، ئالەم پاناھى، چارلىغۇچىلىرىمىز تەرىپىدىن تۇتۇۋېلىنغان بىر پايلاقچى جانابىي ئالىيلىرى بىلەن كۆرۈشۈشنى قاتتىق تەلەپ قىلىۋاتىدۇ، شاھ ئاتامغا ئەرزىم بار، دەيدۇ.

**ئىسكەندەر:** كىرسۇن.

**لەشكەر بېشى:** خوپ، شاھى ئالەم (سىرتقا قاراپ ئېلىپ كىرىش ئىشارىسى قىلىدۇ).

[ئىككى ياساۋۇل قولى باغلانغان، كۆزى تېڭىلغان ئوتلۇق بەگزادىنى ئېلىپ كىرىدۇ ۋە تىزلاندۇرىدۇ. شاھنىڭ ئىشارىتى بىلەن ئارغامچا، تېڭىقلاردىن خالاس قىلىدۇ.]

**ئوتلۇق:**

ئۇلۇغ شاھ، خەيرىخاھىم، باشپاناھىم،
يۈرەكتە مىڭ پۇغان، پەريادۇ ئاھىم.

**ئىسكەندەر:**

مۇقەددەم ئۆز ئېيتىڭ، زاتىڭنى سۆزلە،
ئۇنىڭدىن سوڭرە ئاھ - دادىڭنى سۆزلە.

**ئوتلۇق:** خوش، باشپاناھىم.

ناخشا:

ئوتلۇقدۇر ئېتىم، بەگنىڭ نەسلى مەن،
قەلەم - ئەلەمدە كامىل ئەسلى مەن.
ئىسكەندەر: دەل ۋاقتىدا كەلدى.
**مەسلىھەتچى ئا - ب:** شۇنداق، شاھى ئالەم.
**ئوتلۇق:** ناخشا:

قەست قىلدى ماڭا بىر تۇغقان ئىنىم،
جاراھەت - يارا پۈتۈن جان - تېنىم.
قىلدى خىيانەت قەدىردانىمغا،
سۆيگەن مەشۇقۇم ئايتۇرانىمغا.

ئىسكەندەر: خەۋىرىمىز بار.
**مەسلىھەتچىلەر:** خەۋىرىمىز بار، يىگىت.
**ئوتلۇق:** ناخشا

قۇللىرى بولاي سەممىمي - سادىق،
نى - نى ئىشلارغا يارامىلىق - لايىق.

ئېلىپ بەرسىلە بەختىمنى، ئاتا،
ھەق يوللىرىدا بولسۇن جان پىدا.

ئىسكەندەر: داداڭ ۋە ئۇكاڭ نامىدىن ئەلچى بولۇپ بېرىپ، بىر جۈپ پەرىشتەنى ئەپقېچىپ كېلىشكە جۈرئەت قىلالامسەن؟
**ئوتلۇق:** (ھودۇقۇپ) شاھ ئالىيلىرى، مەن ... مەنما؟
**مەسلىھەتچى ئا:** مۇنچە ھودۇقما. تەييارلىق بىزدىن، ھەييارلىق سەندىن. قابانىي تونۇمسەن؟
**ئوتلۇق:** تونۇيمەن. ئەسلىدە ئۇ تاش پالۋاننى كۈيمۇغول قىلىۋالماقچى، بۇنىڭ بىلەن غەربىي بەگلىك ھوقۇقىنى قولغا كىرگۈزۈۋالماقچى ئىدى. ھازىر تاش پالۋان بىلەن يوشۇرۇن ئاداۋەتتە.
ئىسكەندەر: ئۇ ساڭا ھەمكارلىشىدۇ. بېرىپ، پىلانىڭنى تۈزۈۋەر.
**ئوتلۇق:** خوپ، شاھى ئالەم (چىقىپ كېتىدۇ).
ئىسكەندەر: قابان - تاش پالۋانغا ئۆچ، تاش پالۋان قابان بىلەن قۇتلۇق بەگزادىغا ئۆچ.
**مەسلىھەتچى ئا:** شۇنداق، شاھى ئالەم، بۇ بەگزادە بىر جۈپ پەرىشتىمنى ئەپقېچىپ كېلەلەيدىغان بولسا...
**مەسلىھەتچى ب:** تاش دېگەن ھامان شەرقىي قەبىلىگە ئاتلانماي قالمايدۇ.
ئىسكەندەر: شەرقىي - غەربىي قەبىلىدىن ئىبارەت ئىككى لاچىن بىر - بىرىنىڭ كۆزىنى چوقۇشماي قالمايدۇ. ھا - ھا - ھا ! ...
**مەسلىھەتچىلەر:** ھا - ھا - ھا ! ...
(چىراغ ئۆچىدۇ، پەردە چۈشىدۇ.)

## تۆتىنچى كۆرۈنۈش

سەھنە: ئىسكەندەر قارارگاھىغا يېقىن جاي. تاغ ئېغىزى.
ۋاقتى: كېچە.
ئوتلۇق بەگزادە قاباننى شەرقىي قەبىلىگە ئۈزىتىپ قويۇش ئالدىدا.

**ئوتلۇق:** ناخشا:

كۆرەلمىگەن جۈپ پەرى،
چۈشتى ئەجەب قاپقانغا.
ياراپ قالدۇق خەيرىخاھ،
ئالەمپاناھ خاقانغا.

**قابان:** پەم - پاراسەت بابىدا
دەرس بېرىمىز شەيتانغا.
بەگلىك دېگەن، بەخت دېگەن
ئەمدى كەلگەي ئالقانغا.

**بىللە:** ياراپ قالدۇق خاقانغا،
بەخت كەلگەي ئالقانغا. ھا - ھا - ھا! ...

**قابان:** تاشنىڭ بېشى قېتىپتۇ،
دەرد - ئەلەمگە پېتىپتۇ.
دەرمانىدىن ئايرىلىپ،
ئاھ، يۈرەك دەپ يېتىپتۇ.

ئوتلۇق: ئاھ، دەپ ياقا يىرتىپتۇ،
باغرىنى قان ئېتىپتۇ.
شەرققە قاراپ ئاخىرى
لەشكەر تارتىپ كېتىپتۇ.

بىللە: لەشكەر تارتىپ كېتىپتۇ،
هالاكەتكە يېتىپتۇا ها-ها-ها ا...

قابان: ھەر بىرلىرىنى ئۈستىلىق بىلەن يولغا سېلىۋېتىپ، شۇنداق قارايدىغان بولسام، تاشنىڭ قولىدا سىلى تاشلاپ كەتكەن ئالتۇن كەمەر. قالتىس پەم - پاراسەت بىلەن ئېغىز ئېچىپتىمەن، يۈرەك يارىسىغا راسا تۇز چېچىپتىمەن:

كىشى بىلمەس سودىغا
كىرىشتىڭمۇ، تاش پالۋان؟
چۆپ پەرىنى كەمەرگە
تېگىشتىڭمۇ، تاش پالۋان؟

ئوتلۇق: پاھ، نېمانچە زەھەرلىك نەشتەر بۇ؟ شۇڭلاشقا چەكسىز قەھرى - غەزەپ بىلەن ئاتلىنىپتىمەن - دە، ئۇ ھاماقەتا

قابان: ئۇنىڭ يۈرىكى ئەمەسمۇ قانلىق چاراھەت؟

ئوتلۇق: قەبىلىمىز شەنىگە، بەگ ئاتام شەنىگە ياغدۇرسا ھاقارەت، باشلىنىپ كېتىدۇ جەڭ - جېدەللەر قالتىس - كارامەتا

قابان: ئۇلۇغبەگ ئاتا، ئالقىش ئاتا نەسىھەتلىرى ئارقىلىق شىپا تېپىپ قالسىچۇ ئاغرىق - ئاداۋەت؟

ئوتلۇق: يارا ئۈستىگە تۇز، ئوت ئۈستىگە ياغ چاچىدۇ بۇ جەت ناھايەت (خەتنى تۇتقۇزىدۇ). ساق بېرىپ، قايتقىن سالامەت.

قابان: ئاچىسى جاراھەتلەندى، ئات مىنەلمەيدۇ، قاچالمايدۇ دەپ بوش قويۇۋەتتۇق، بەگزادەم. (چىقىپ كېتىدۇ)

ئوتلۇق: خاتىرجەم بول، مەن بار.
(سىرتتا ئات تۇياقلىرى ساداسى.)

ئوتلۇق: قوشاق:

ئالقىنىمدا چۆپ پەرى،
غەربىي بەگلىك گۆھىرى.

قوتلۇق دېگەن تەلۋىنىڭ
كېچە بولسۇن سەھەرى.
(خۇشال ھالدا چىقىپ كېتىدۇ.)

[ئايتۇران ئېغىر يارىلانغان ئايسۇزۇكنى يېرىم قۇچاقلىغان ھالدا ئېھتىيات بىلەن كىرىدۇ.]

ئايسۇزۇك: ناخشا:

قەدەم تەشرىپ ئېتىپ ئوتلۇق ياۋاش ئەلچى
قىياپەتتە،
سۆرۈپ يۈردى ھايات پەيزى زىياپەتتە،
ساياھەتتە.

ئايتۇران: (قوشۇلىدۇ.)

تېپىپ پۇرسەت، بىھوش ئەيلەپ، بۇياققا
بىزنى ئەپقاچتى،
ئۇنىڭغا يەتمىگەي ئالەم ئارا ھېچكىم
خىيانەتتە.

قاراقچى شاھقا باش ئۇرغان قابان تۇزكور
بىلەن ئوتلۇق،
يېگى پەللە ئاشار بولدى قەبىھ قىلمىش -
جىنايەتتە.

ئەگەردە بولمىسا ساتقىن، رەزىللەر ئەپتى
ئاشكارە،
جېنىدىن ئايرىلار سانسىز قېرىنداش ئاھ -
نادامەتتە.

ئايسۇزۇك:

قەدىردان ئايتۇران سىڭلىم، مىنىپ تالماس
قانات تۇلپار،
ئۇچۇپ يەت شەرقىي بەگلىككە غەنىمەت
دەمدە - سائەتتە.

ئايتۇران:

چىداش بەر جانىكۆيەر ئاچا، كېتەيلى
بىللە، ماقۇل دە،
سېنى تاشلاپ كېتەي قانداق بۇ زىنداندا -
ئاسارەتتە؟

ئايسۇزۈك:
يۈرەكىم قان، ئۆزۈم ئىسجان، كېتەلمەيمەن،
ئەزىدىز سىڭلىم،
يۈرۈپ كەتكىن ماڭا باقماي، كۆرۈشكەيمىز
قىيامەتتە.

ئايتۇران: چىداشلىق بەرگىنە، جېنىم ئاچا!

ئايسۇزۈك: ئۇتلۇق دېگەن ساتقىنىنىڭ خەنجىرى بىلەن يارىلانغان بۇ يۈرىكىم ئارتۇقچە بەرداشلىق بېرەلمەيدۇ، ئات مىنەلمەيمەن، كەتكىن، قابىل دېگەن ساتقىنىنى قوغلاپ يەتكىن. قان - قېرىنداشلىرىمىزغا بۇ سۆزۈمنى تەقدىم ئەتكىن:

پارچىلانساق كۆم بولىمىز،
ئەرك - ھوقۇقسىز مەھكۇم بولىمىز.
ئىنسان نەسلى بولۇپ تۇرۇقلۇق،
ئىنسانلىقتىن مەھرۇم بولىمىز!

بۆلۈنمىسۇن قان - قېرىنداشلار،
كېسىلمىسۇن بىگۇناھ باشلار.
بويالمىسۇن قىزىل قان بىلەن،
بۇ ئانا يەر،
بۇ تاغۇ تاشلار!

[سەھنىنىڭ بىر تەرىپى ئۇشتۇمتۇت قىزىرىدۇ. غەلىتە مۇزىكا ئاڭلىنىدۇ.]

ئايتۇران: ئۇلار كېلىۋاتىدۇ، مەشئەل يېقىپ، بىزنى ئىزدەپ كېلىۋاتىدۇ!

ئايسۇزۈك: كەلسۇن! سېنى قوغلاشقا ئېتىلغانلار مۇشۇ تاغ ئېغىزىدا ئۆز ئەجىلىنى كۈتۈۋالسۇن! (زۇلپىقارىنى ئازراق سۇغۇرۇپ) ئاداققى تىنىقىم قالغىچە توسۇپ تۇرالايمەن ئۇ خىيانەتكارلارنى! (قويىنىدىن رومىلىنى چىقىرىپ)

دىكلاماتسىيە:

ھارارەتلىك يۈرەك قېنىمدىن
ئاق رومىلىم قىزاردى چوغدەك.
لەپىلدىسۇن مەھكەم ئۇيۇشقان
غالىپ قوشۇن ئۈستىدە تۇغدەك!

(ئۆزىتىدۇ.)

ئايتۇران: ئاچا! (مەھكەم قۇچاقلىشىدۇ.)

(پەردە چۈشىدۇ.)

## بەشىنچى كۆرۈنۈش

سەھنە: تاغ باغرى.

ۋاقتى: تاڭ ئالدىدىكى قاراڭغۇلۇق.

تاش پالۋان يېتەكچىلىكىدىكى غەربىي قەبىلە قوراللىق كۈچلىرى ۋەكىللىرى بىلەن شەرقىي قەبىلە قوراللىق كۈچلىرىنىڭ ۋەكىللىرى جىددىي مۇنازىرىدە. ھەر ئىككى تەرەپنىڭ قۇدرەتلىك قوراللىق كۈچلىرى ئىككى تەرەپتە تەييار ھالەتتە تۇرۇۋاتقانلىقى ئىپادىلىنىپ تۇرىدۇ.

تاش پالۋان: ناخشا:

- تاقىتىمىز تاق بىزنىڭ،
قەھرىمىز چاقماق.
نېمە ھاجەت بۇ خەقنىڭ
رايىغا باقماق؟
سۇغۇرۇڭلار قىلىچنى
قىنىدىن ئەمدى!
جۇدا بولسۇن ئۇغرىلار
جېنىدىن ئەمدى!

[غەربىي قەبىلە شەرقىي قەبىلىگە قارشى شىددەتلىك ھۇجۇمغا ئۆتىدۇ، ئۇلۇغبەگ ئاتا بىلەن قوتلۇق بەگزادە كىرىدۇ.]

ئۇلۇغبەگ ئاتا: ناخشا:

توختىمىسۇن بۇ جەڭ - جېدەل،
ھاي، تۇغقانلار، ھاي!
رەقىب بولغان قايسى چاغ،
يولتۇز بىلەن ئاي؟

تاش پالۋان: ئايسۇزۈك بىلەن ئايتۇران غەربىي قەبىلىمىزنىڭ بىر جۈپ گۆھىرى،

ئەڭگۈشتىرى. ئۇ بىزنىڭ ئىپتىخارىمىزا ئۇلارنى ساق - سالامەت تاپشۇرۇپ بېرىڭ، ئۇلارنى سېھىرگەرلىك يولى بىلەن ئوغرىلاپ قاچقان مۇتتەھەم بەگزادىڭىز ئوتلۇقنى تاپشۇرۇپ بېرىڭ!

غەرب تەرەپ: تاپشۇرۇپ بېرىڭ!

ئۇلۇغبەگ ئاتا: ئۇلۇغ تەڭرى نامىدىن قەسەم قىلىمەنكى، قىيامەتلىك جۇپ - جورا ئىزدەپ سەپەرگە ئاتلانغان ئوغلۇم ئوتلۇقنىڭ قەيەردە، نېمە ئىشلار بىلەن مەشغۇل ئىكەنلىكىدىن تامامەن بىخەۋەرمەن.

تاش پالۋان: بۇ ئالتۇن كەمەر ئوتلۇقنىڭمۇ، ئەمەس؟

ئۇلۇغبەگ ئاتا: (قولىغا ئېلىپ) ھە؟ نېمە ئىش بۇ؟

[ھاسىرىغان ھالدا قابان كىرىدۇ.]

تاش پالۋان: قابان؟ نېمىدەپ كەلگەندۇ بۇ زەھەرلىك يىلان!؟

قابان: (ئۇلۇغبەگ ئاتىنىڭ ئايىغىغا يىقىلىپ) ئەي، قەبىلىمىزنىڭ شەۋكىتى-شانى، خەلقىمىزنىڭ قۇدرىتى - جانى، شاھلىقىمىزنىڭ پاسىبانى! . . . (يىغلايدۇ.)

ئۇلۇغبەگ ئاتا
قۇتلۇق : تۇرۇڭ ئورنىڭىزدىن.

ئۇلۇغبەگ ئاتا: ناخشا:

قان يىغلىماڭ قېرىنداش،
توكمەڭ مۇنچە ياش.
ھالىڭىزغا مەن يېتەي،
بولاي يۆلەكداش.
زۇلۇم قىلدى سىزگە كىم،
دەرھال قىلىڭ پاش.
كۆتەرمىسۇن ۋەتەندە
مۇشتۇمزورلار باش!

قابان: ناخشا:

كىمگە ياقسۇن ئۆزگە شاھ،
ئۆز باشپاناھىدىن بۆلەك؟
جان كۆيەر خاقانىدىن-
ئۆز خەيرىخاھىدىن بۆلەك؟

شاھ بېشىدا قايغۇ - تەشۋىش،
بەگ بېشىدا دەرد - ئەلەم،
بارمۇ ئاھىم ئۆزلىرىنىڭ
دەردۇ - ئاھىدىن بۆلەك؟

ئۇلۇغبەگ ئاتا: مېنىڭ؟ مېنىڭ دەردىم؟

قابان: (ناخشىسىنى داۋاملاشتۇرىدۇ.)

سوۋغا قىلدى ئوغلىڭىزنى
شاھى ئىسكەندەرگە ئۇ.

تاش پالۋان: مەنما!؟

ئۇلۇغبەگ ئاتا
قۇتلۇق : نېمە؟!

قابان: ناخشا:

ئوغلىڭىز پەريادىغا بەرداش بېرەلەمدۇ يۈرەك؟

ئۇلۇغبەگ ئاتا: (تاش پالۋانغا) ھۇ بىنومۇس ساتقىن!

تاش پالۋان: (قابانغا) ھۇ، بىنومۇس ساتقىن!

قابان: مەن ساتقىنمۇ تېخى؟ دەپ باققىنا، تاش، قەبىلىمىزنىڭ چوڭ ئەڭگۈشتىرى ئايسۇزۇككە ئاشىق بىقارارلىقىڭ راستىمۇ - يالغان؟

تاش پالۋان: ھەر ئىككىلا ئالەمدە ئاشىق بىقارارمەن.

قابان: ئايسۇزۇك، ئايتۇرانلار سېنى ياقتۇرمىغانلىقى ئۈچۈن، ئۇلارنى ئاشىق بەگزادە بىلەن قوشۇپ، قوش مۇڭگۈزلۈك باسمىچىغا تۇتۇپ بەردىڭ، ئۇنىڭ بەدىلىگە ئېرىشكىنىڭ ئاشۇ ئالتۇن كەمەر ئەمەسمۇ؟

شەرق تەرەپ: ھە!؟

تاش پالۋان: جۆيلىمە مۇناپىق! بۇ دېگەن سەنلەر بولالىغىلىقا كىرگەندە چۈشۈپ قالغان نەرسە!

قابان: مۇناپىق دېگەن قانداق بولىدىكەن، كۆرۈپ باقسىلا، ئۇلۇغبەگ ئاتا، مانا بۇ مۇناپىقنىڭ كاساپىتىدىن دوزاخ ئازابى

تارتىۋاتقان ئوتلۇق بەگزادىنىڭ قولىيازمىسىنى بىر كۆرۈپ باقسىلا!

ئۇلۇغبەگ ئاتا: ھە؟! (ئۈنلۈك ئوقۇيدۇ.)

«كۆيۈملۈك ئەي ئاتا، ئىزھار ئېتەي تەق-
دىرۇ ھالىمنى،
زېمىن - ئاسمانغا سىغماس دەرد - ئازاب،
پەر يادۇ ئاھىمنى.

ئۇلۇغ تەگرىم ئۆزى سالغاچ يۈرەك - باغ-
رىمغا بىر ئاتەش،
سۆيۈپ قالغان سۈزۈك ئاتلىق گۈزەل، نۇرا-
نە ئايىمنى.

تۇتۇپ بەرگەچ مېنى ھەم جۇپ پەرىنى
تاش دېگەن زالىم،
قاراقچى شاھى ئىسكەندەر دوزاخ ئەتمەك-
تە جايىمنى ...»

قۇتلۇق: (ئۆز تەرىپىدىكىلەرگە) نەيزىنى قانغا بوياش پۇرسىتى كەلدى، تەييارلىنىڭلار!

شەرق تەرەپ: بىز تەييار!

تاش پالۋان: تەييارلىنىڭلار!

غەرب تەرەپ: بىز تەييار!

تاش پالۋان: كەل، ئەجىلىڭنى سېغىنغان تەلۋە!

قۇتلۇق: كەل، ساتقىن!

قابان: ئۇرسىلا، بەگزادەم، قانلىق قىساس! دەپ ئۇرسىلا!

[قىلىچۋازلىق باشلىنىدۇ، ئىككى تەرەپ تەييار ھالەتتە تۇرىدۇ.]

ئايتۇران: (سىرتتىن ناخشا)

ئەي ...

تەقدىرداشلار، تومۇرداشلار، قان - قېرىن-
داشلار،

(تاڭ سۈزۈلىدۇ، قوياش كۆتۈرۈلىدۇ.)

قۇتلۇق / تاش پالۋان: ئايتۇران - ئايتۇران ئايىم!

(تەلپۈنىدۇ.)

[ھەممەيلەن ئايتۇران يولىغا تەقەززا. قابان ئوغرىلىقچە چىقىپ كېتىدۇ.]

ئايتۇران: (كىرىدۇ، ناخشا)

تەقدىرداشلار، تومۇرداشلار، قان - قېرىن-
داشلار،
بىر - بىرىڭگە ئۇرماق بولغان قىلىچنى
تاشلا!

ئەلنى سۆيسەڭ، ئەۋلادىڭغا كۆيسەڭ -
كۆيۈنسەڭ،
ئۆز خەلقىڭنى بۈيۈك بىرلىك يولىغا باشلا!

قۇتلۇق: سالام، سۆيۈملۈك ئايتۇران! (يەكتىزلىنىدۇ.)

ئۇلۇغبەگ ئاتا: سالام، سۆيۈملۈك قىزىم.

شەرق تەرەپ: سالام، خان ئايىم! (يەكتىزلىنىدۇ.)

تاش پالۋان / غەرب تەرەپ: سالام، خان ئايىم! (يەكتىزلىنىدۇ.)

ئايتۇران: (ھەممىگە تەكشى سالام بېرىپ، قۇتلۇق بىلەن تاش پالۋاننى يۆلەپ تۇرغۇزۇپ) ئەي قان - قېرىنداش ئىككى قەبىلە پاسىبانلىرى، پەھلىۋان قوماندانلىرى، لەشكىري نەۋقىرانلىرى، ئالدى بىلەن سىلەردىن سوراپ باقاي؛

سۆيۈملۈك ۋەتەن - جانىجان ئانا،
چەكسىز خەيرىخاھ، غەمخور باشپاناھ،
چىدامدۇ ۋىجدان بۆلۈپ - پارچىلاپ
يەپ كەتسە ئۇنى قوش مۈڭگۈزلۈك شاھ؟

ھەممەيلەن: ياق!

ئايتۇران:

ئەرلەر تامام قول، سانسىز ئانا تۇل،
مەسۇمە قىزلار نامۇسى بىر پۇل،
بولساق ھەممىمىز دىۋانە-يوقسۇل،
ھەسرەت - ئەلەمدە چەكمەمسىلەر ئاھ؟

ياۋ باستى ئاياغ پاك يېرىمىزگە،
ئۇرماقتا قانلىق قىلىچنى بىزگە.

ئۇ ھەممىدىن ئۈچ بېرەلمىگەنمىزگە،
بولمايمىز نېچۈن سەگەك ۋە ئاگاھ؟

بىر تۇغقان نېچۈن بىرلىكتىن يىراق،
بولمايمىز نېچۈن ئايرىلماس ئىناق،
ئالمايمىز نېچۈن تارىختىن ساۋاق،
ياكى قۇللۇقنى كۆرمىدۇق راۋا؟!

[ھەر ئىككى تەرەپ چوڭقۇر سۈكۈت ئىچىگە چۆكىدۇ.]

ئالقىش ئاتا: (كىرىدۇ) سالام، سۆيۈملۈك پەرىشتىمىز - ئايتۇران ئايىم.

ئايتۇران: سالام، دانىشمەن ئالقىش ئاتا.

ئالقىش ئاتا: قەدىرلىك خان ئايىم، مۇبارەك قەدەملىرى يېتىش بىلەن تەڭ بۇ يەردىن قېچىشقا ئورۇنغان بىر مەخلۇق بىزنىڭ ئالقىنىمىزدا تىپىرلىماقتا.

ئايتۇران: قابان؟

ئالقىش ئاتا: دەل ئۆزى شۇ، خان ئايىم.

ئايتۇران: زەھەرلىك چايان!!

[ئالقىش ئاتىنىڭ ئىشارىتى بىلەن ئىككى نەپەر قوراللىق يىگىت قاباننى گەجگىسىدىن باسقان ھالدا ئېلىپ كىرىدۇ. تاش پالۋان ۋە غەربىي قەبىلىدىكىلەر غالىبلارچە قىياپەتتە، شەرقىي قەبىلىدىكىلەر ئىنتايىن ھەيران قالغان قىياپەتتە.]

ئايتۇران: ھۇ، تۇزكور مۇناپىق!

قابان: خان ئايىم، مەن ئېزىپتىمەن، مەن ئېزىپتىمەن. مەن تۇزكور، مەن ئاسىي - گۇناھكار ...

ئايتۇران: سۆزلە، كىم ئەۋەتتى سېنى؟

قابان: قوش مۈڭگۈزلۈك شاھ، ئوتلۇق بەگزادە.

ئايتۇران: نېمە ئۈچۈن؟

قابان: قان - قېرىنداش ئىككى قەبىلىنى قانلىق جېدەل قاينىمىغا سۆرەپ كىرىش ئۈچۈن.

ئايتۇران: ئېيت، ئاچام بىلەن ماڭا خىيانەت قىلغان كىم؟

قابان: ئوتلۇق بەگزادە بىلەن مەن.

ئايتۇران: تاش پالۋاننى بۇ قەبىلىگە ھۇجۇم قىلىشقا قۇتراتقان كىم؟

قابان: مەن ئاسىي - گۇناھكار.

ئايتۇران: ئوتلۇق ھازىر نەدە؟

قابان: قوش مۈڭگۈزلۈك شاھ ھۇزۇرىدا راھەت - پاراغەتتە.

ئايتۇران: بولدى، خىزمىتىڭ ئاياغلاشتى، نېرى تۇر، بىنومۇس ساتقىن!

[ئىككى يىگىت سۆرەپ ئېپچىقىپ كېتىدۇ.]

تاش پالۋان: (ھاياجانلىنىپ) ئايتۇران ئايىم!

ناخشا:

ئاپىرىدىن خانتەڭرىنىڭ پارلاق - نۇرانە ئايىغا،
مەڭگۈلۈك ھەققانىيەت، ئەدلى - ئادالەت شاھىغا.

قۇتلۇق:

سىز بىلەن ئاچىلدى سېھرى تىلسىمات، ئەي دىلرەبا،
تەردىڭىز دوستلۇق گۈلى قانلىق جېدەل مەيدانىغا.

تاش پالۋان:

نەدە قالدى، ئېيتىڭا، بەختىم - ھاياتىم ئايسۇزۈك،
ھەمشىرىك - ھەمدەم بولاي شادلىق ۋە قايغۇ - ئاھىغا.

ئايتۇران: ئاچام ... مېنىڭ جانكۆيەر ئاچام ...

تاش پالۋان، قۇتلۇق: ئېيتىڭا، قەدىرلىك ئايسۇزۈك زادى نەدە؟

ئايتۇران: (ناخشا)

جەڭ قىلىپ بېرەلمەك ئۈچۈن، ھەققانىيەت، ھۆرلۈك ئۈچۈن،
بىباھا شۆھرەت بىلەن كەتتى خۇدا دەرگاھىغا.

**تاش پالۋان:** ئاھ، پەرىشتەم!

**قۇتلۇق:** ئاھ، قەدىردان ئايسۇزۈك!

**ھەممەيلەن:** ئاھ، خان ئايىم!...

**ئايتۇران:** مانا بۇ جانجىگەر ئاچامنىڭ ئاق رومىلى. قەبىلىلەر بىرلىكىنى، ۋەتەن بىرلىكىنى قوغداش يولىدا قازا تاپقان قەھرىمان ئاچامنىڭ پاك قېنى بىلەن بويالغان بۇ رومال - بۈيۈك ئىتتىپاقلىق بايرىقى، غەلىبە بايرىقى بولۇپ قالسۇن!

**تاش پالۋان:** بۈيۈك ئىتتىپاقلىق ئۈچۈن، ئۇررا!

**ھەممە:** ئۇررا!

**قۇتلۇق:** پارلاق غەلىبە ئۈچۈن، ئۇررا!

**ھەممە:** ئۇررا!

قۇتلۇق بىلەن تاش پالۋان قىلىچلىرى، بارلىق قىلىچ - نەيزىلەر بۈيۈك ئىتتىپاقلىقنى نامايەن قىلىپ ئۆز ئارا گىرەلىشىدۇ.

(پەردە چۈشىدۇ.)

## ئالتىنچى كۆرۈنۈش

سەھنە: قورام تاشلار قەد كۆتۈرۈپ تۇرغان تاغ باغرى.

ۋاقتى: كۈندۈز.

ئىسكەندەر زۇلقەرنەيىن جەڭگاھنى كۆزەتمەكتە. ئەتراپىدا ھەربىي مەسلىھەتچى ئا - ب، قوراللىق نەۋكەرلەر.

**ئىسكەندەر:** بۇ خەق بىلەن ئۇرۇشۇۋېرىشنىڭ ئاقىۋىتىنى مۆلچەرلەش بەسى مۈشكۈلمۇ، نېمە؟!

**مەسلىھەتچى:** بۆلارنى بۆلۈپ - پارچىلاپ تاشلاش مۇددىئايىمىز ئەمەلگە ئاشقان بولسا، ھەي ...

[لەشكەر باشلىقى كىرىدۇ، بېلىدەتىللا تولدۇرۇلغان ئادەتتىن تاشقىرى يوغان ھەميان.]

**لەشكەر باشلىقى:** ئالىي ئېھتىرام، ئالەم پاناھى.

**ئىسكەندەر:** جەنۇبىي يول لەشكىرىي قىسىم قوماندانى، سۆزلە.

**لەشكەر باشلىقى:** جاناب ئالىيلىرىنىڭ دۆلىتىدە ھەمميانلىرىمىز ئالتۇن - گۆھەرلەرگە لىق تولۇپ كەتتى. ئۇرۇش ۋەزىيىتى بىزنى بىئارام قىلماقتا. بۇ ئالتۇن - گۆھەرلىرىمىزنى ئۇرۇش ھارۋىلىرى بىلەن ئۆز يۇرت - ماكانلىرىمىزغا ئالدىنئالا يولغا سېلىۋېتىشىمىزگە ئىجازەت قىلغايسىز، شاھىم؟

**ئىسكەندەر:** مەن ساڭا بىر ھېكايە ئېيتىپ بېرەي، ئاڭلا.

**لەشكەر باشلىقى:** خوش، شاھى ئالەم.

**ئىسكەندەر:** بۇرۇنقى زاماندا بىر ساتىراش ئۆز دۇكىنىدا چاچ ئالدۇرۇۋاتقان پادىشاھنىڭ كارنىيىغا ئۇستىرا تەڭلەپ «ئۆلتۈرىمەن، بوغۇزلايمەن، ھازىرلا جېنىڭنى ئالىمەن» دەپ ھەيۋە قىلىپتۇ. پادىشاھ باشقىلار تەرىپىدىن قۇتقۇزۇپ قېلىنغاندىن كېيىن مەزكۇر ساتىراشقا ئۆلۈم جازاسى ھۆكۈم قىلىپتۇ.

**لەشكەر باشلىقى:** ھەرنېمە قىلسا ھەق، شاھ ئالىيلىرى.

**ئىسكەندەر:** پادىشاھنىڭ دانىشمەن ۋەزىرى: «ئەي شاھى ئالەم، قويىدەك ياۋاش ساتىراشنى قارام يولۋاسقا ئايلاندۇرۇپ قويغان نەرسە زادى نېمىدۇ؟ ئالدى بىلەن ئاشۇسىرنى ئېچىپ باقساق» دەپتۇ. شاھ ماقۇل بوپتۇ. دانىشمەن ۋەزىر ساتىراشنىڭ تاپىنى ئاستىنى كولاتقان ئىكەن، ئاتبېشى ئالتۇن چىقىپتۇ...

**لەشكەر باشلىقى:** چۈشەندىم، شاھ ئالىيلىرى.

بۇ ئالتۇن - گۆھەرلەرمۇ بىزگە چەكسىز
ھاياتىي كۈچ بەخش ئەتكۈسى.

ئىسكەندەر: قايتىشقا رۇخسەت.

لەشكەر باشلىقى: خوپ، شاھى جاھان.(چىقىپ كېتىدۇ)

ئىسكەندەر: دانىشمەنلىرىم، ئەمدى نېمە قىلماق كېرەك؟

(ئوتلۇق بەگزادە كىرىدۇ.)

ئوتلۇق: ئەي ئالەم پاناھى!...

(تىزلىنىپ)

ئۆزلىرى مېنىڭ بەخت-سائادىتىم،
ھوزۇر - راھىتىم، تالەي- ئامىتىم.
يۆلەنگەن تېغىم، سۆيۈنگەن بېغىم،
ئۆزلىرى بىلەن يۈكسەك قامىتىم.

تۇرماققا ئەمدى بۇ يۇرت-ۋەتەندە،
يوقتۇر چىدامىم، سەۋرىم-تاقىتىم.
شاھىم يۇرتىدا تاپقاي شىپالىق
خەتەرلىك يارا، داغ-جاراھىتىم.

ئىسكەندەر:جەڭگە بېرىۋەر،غەلىبە قىلىۋەر،
ۋاپاغا ۋاپا لەۋزىم، ئادىتىم.

ئوتلۇق: خوپ، شاھىم. (چۈشكۈن ھالدا چىقىپ كېتىدۇ.)

ئىسكەندەر: بۇلاردا «تۈلكە ئۆز ئىنىغا قاراپ ھۈرسە قوتۇر بولىدۇ» دېگەن ماقال بار ئىكەن.

مەسلىھەتچىلەر: خوش، شاھىم.

ئىسكەندەر: ئۆز ۋەتەن، ئۆز ئاتا-ئانا، قان- قېرىنداشلىرىغا قاراپ ھۈرگەن بۇ قوتۇر تۈلكىنى بىزنىڭ يۇرتقا ئېلىپ كېتەرمىشمەن تېخى!

[ئۈچ لەشكەر باشلىقى-ئا، ب، س ئارقا-ئارقىدىن كىرىدۇ.]

ئا: شاھ ئالىيلىرى...

ب: شاھ ئالىيلىرى...

س: شاھ ئالىيلىرى...

ئىسكەندەر: نېمە؟

ئا، ب، س: چېكىنىشكە... چېكىنىشكە... چېكىنىشكە... ئىجا... زەت...

ئىسكەندەر: چېكىنىشكە ئىجازەت يوق!

ئا، ب، س: خوپ، شاھى ئالەم (دەرمانسىزلانغان ھالدا چىقىپ كېتىدۇ.)

[«ئۇررا» ساداسى ئاڭلىنىدۇ، ھاۋا گۈلدۈرلەپ، چاقماق چېقىلىدۇ.]

مەسلىھەتچى ئا: ھاۋارايى ئۆزگىرىۋاتىدۇ، شاھى ئالەم.

مەسلىھەتچى ب: قارار گاھىمىزغا قايتساقمىكىن، شاھى ئالەم.

ئىسكەندەر: (ئۆز-ئۆزىگە) سۈلھى تەلەپ قىلىشقا مەجبۇر بولامدۇقمۇ نېمە بۇ خەق بىلەن؟!(چىقىپ كېتىدۇ،مەسلىھەتچى،نەۋكەرلەرمۇ چىقىپ كېتىدۇ.)

[گۈلدۈرماما- چاقماقلار تەكرارلىنىدۇ. قارشىلىق كۆرسىتىش ئىقتىدارىنى يوقاتقان بىر قىسىم ئاقساق- چولاق دۈشمەن ئەسكەرلىرى داد-پەندىياد ئېيتىشىپ كىرىدۇ.]

توكۇر: كېلىپ قالدۇق نىچۈن بۇ يۇرتقا، ۋاي-داد !

باشقىلار: ۋاي-داد !

توكۇر: نېمىشقا سەكرىدۇق چوڭ ئوتقا، ۋاي-داد !

باشقىلار: ۋاي-داد !

توكۇر: جاھانغا پاتمىغان سۇلتانۇ- لەشكەر، مانا ئايلاندى قوڭغۇز- قۇرتقا، ۋاي-داد !

باشقىلار: ۋاي- داد ! (چىقىپ كېتىشىدۇ.)

[قۇتلۇق بەگزادە بىلەن ئايتۇران ھەمىيان ئاسقان ئىككى دۈشمەن بىلەن قىلىچلاشقان ھالدا كىرىدۇ. دۈشمەننىڭ بىرى ھەمىيانىدىكى ئالتۇن- گۆھەرلەرنى

ئۆز يۇرتىغا ماڭغۇزۇۋېتىش ئىلتىماسى بىلەن ئىسكەندەر شاھ ئالدىغا كەلگەن قوماندانىنىڭ دەل ئۆزى. بىر مەزگىللىك قىلىچۋازلىقتىن كېيىن بىر دۈشمەن ئۆلىدۇ، دۈشمەن قوماندانى ئېغىر يارىلىنىدۇ، ھەمىيانى قانغا بويۇلىدۇ.]

دۈشمەن قوماندانى: (ھەمىيانىغا چىمدىماي) ئاھ، ئالتۇن، سېنى دەپ كېلىپ، سېنى قۇچاقلاپ ئۆلىدىغان بولدۇم، ئاھا... (ھەمىيانىنى قولىغا ئېلىپ) خەقنىڭ ئالتۇنى، ئۆزۈمنىڭ قېنى... قان- ئالتۇن... ئالتۇن... قان... (ھەمىيانىنى قۇچاقلىغىنىچە ئۆلىدۇ.)

قۇتلۇق ئايتۇران: ناخشا:

ئانا تۇپراق مۇقەددەستۇر،
ئەزىز نەسلى زەبەر دەستۇر.
زەبەردەس قىز ۋە ئوغلانى
ئۇنىڭ ئىشقى بىلەن مەستتۇر.

ۋەتەن پەرماندۇر بىزگە
زەپەر يوللايدىغان دەستۇر.
ئانا يەرگە چېقىلغانىنىڭ،
بىلىپ قويغىن، كۆنى تەستۇر.

ئانا يەر نەسلى ئالدىدا
رەقىبلەر سەن كەبىي خەستۇر.
جېنىنى پۇلغا ساتقانلار
ھامانەم قەددىرسىز، پەستۇر!.

قۇتلۇق: يىغىشتۇرۇۋېتەيلى بۇ سېسىق جەسەتلەرنى! (ئىككىيلەن سۆرەپ چىقىپ كېتىدۇ، يەنە بىردىنى سۆرەپ چىقىپ كېتىۋاتقاندا، ئوتلۇقنىڭ ئاۋازى ئاڭلىنىدۇ، ئۇلار چىقىپ كېتىش بىلەن تەڭ دەرمانسىزلانغان ئوتلۇق بەگزادە قىلىچىغا تايانغان ھالدا كىرىدۇ.)

ئوتلۇق: ناخشا:

نەدە سەن، نەلەردە سەن چەكسىز ئىشەن-
گەن تاغلىرىم،
نەدە سەن، كۆرمەي تۇرۇپ سۆيگەن-سۆ-
يۈنگەن باغلىرىم.
رەھىمسىز قىلماي كەتتى تاشلاپ بىۋاپا خاقان
مېنى،
بەخت قۇشۇم نە-نەلەردە، ئۈستۈمدە قوز-
غۇن- زاغلىرىم.
ئاھ نىتەي، نەگە كېتەي، ئالمايدۇ ئەل-
يۇرت قوينىغا،
جان- تېنىمگە يامىردى قانلىق جاراھەت-
داغلىرىم...

(نەزم)

بوۋچۆلدە مەن بىچارە،
جان بېرەلمەي ئاۋارە.
ئەي قىلىچىم - قىلىچىم،
قىلغىن مېنى مىڭ پارە!

[قىلىچ سىپىنى ئىككى قوللاپ تۇتۇپ، ئۆز كۆكرىكىگە سانجىيدۇ، قىلىچ ئۆتمەيدۇ. ئوتلۇق تېخىمۇ كۈچەيدۇ، قىلىچ تىغى ساپىنى تېشىپ ئۆتۈپ، تەتۈر قىلىچ ھالىتىگە كېلىدۇ.]

ئاھ، نېمە كارامەتتۇ بۇ؟ (قورام تاشقا ئۇرىدۇ، قورام تاش ئىككى پارچە بولىدۇ.)

نى-نى قالقان، زۇپەرنى
شەرتسىز بۆسەر قىلىچىم؛
ئېيتقىن، ساڭا نە بولدى
تاشنى كېسەر قىلىچىم؟ (يەنە ئۆز كۆكسىگە ئىقتايدۇ، قىلىچ بۇرۇنقى ھالىتىگە كېلىپ قالىدۇ.)

قۇتلۇق ئايتۇران: (كىرىدۇ) ناخشا

نەگە كەتتى چاپقىنىڭ،
نېمە بولدى تاپقىنىڭ؟
ئەمەسمىدى جان ۋەتەن
شۇنچە ئەرزان ساتقىنىڭ!؟

قۇتلۇق: نەگە كەتتى چاپقىنىڭ؟
نېمە بولدى پاتقىنىڭ؟
ئۆز پۇتۇڭنى چاقتىمۇ،
ئەلگە قۇرغان قاپقىنىڭ!؟

ئوتلۇق: تېنە قىلما، جان ئىنىم،
مىڭ ئازابتا جان- تېنىم.
ئۆز قولۇڭچە ئۆلتۈرۈپ،
ئارمىنىمغا قان، ئىنىم.

**قۇتلۇق**

**ئايتۇران:** كۆندە مىڭ رەت ئۆلۈپ يۈر،
كۆرمىگەننى كۆرۈپ يۈر.
ئەل قىساسى ـ قەھرىنىڭ
گۈلخانىدا كۆيۈپ يۈر.

**ئۇتلۇق:** ئەي ئايتۇران ئايىم، سىزگە جەبىـ
رى- زۇلۇم قىلدىم. ئاچچىقىمىزنى زەھەرلىك ئوق
بىلـەن ئۆلتۈردۈم. كېلىڭ، ئۆزقولىڭىز بىلەن
ئۆلـتـۈرۈڭ، قانـلىق قىساس ئېلىڭ، ھېـساب
ئېلىڭ!

**ئايتۇران:** كىمىكى جاللات پالتىسىغا بولسا
ساپ،
سەن كەبى قالماڭ تاش- تۇپـ
راق قاساپ!
ئەمدى ئېيـتار سۆزلىرىم يوق،
بولدى، بەس،
ئاخىرەتكە قالدۇرۇلدى بۇھېساب!
[كۈچلۈك «ئۇررا!» ساداسـى بىلـەن تەڭ
غەلىبە خۇشاللىقىغا چۆمۈلگەن ئۇلۇغبەگ ئاتا،
ئالقىش ئاتا، تاش پالۋان، ئايدىن، ئالتۇنـئاي
قاتارلىق پەھلىۋان ئەر ـ ئاياللارنىڭ ھەممى ـ
سى قوراللىق بېسىپ كىرىدۇ.]

**ئۇتلۇق:** (ئۇلۇغبەگ ئاتىنىڭ ئايىغىغا يىقىلىپ)
ئاتا، مـەن ئېزىپتىمەن، ئېزىـپتىمەن ...

**ئۇلۇغبەگ ئاتا:**

بىر قولۇڭغا تەخسە ئالدىڭ، بىـرىـسىگـە
ئارغامچىنى،
يەم قىلىپ بەردىڭ ۋەتەن شەيدالىرىدىن
قانچىنى.
نان تىلە، دەرمان تىلە، ئەل دۈشمىنىدىن
جان تىلە،
قەھرىمان ئەل نى قىلۇر سەنـدەك ھاياسىز
غالچىنى!

**ئۇتلۇق:** ئاتا، جېنىم ئاتا، ماڭاھاياتنىڭ
كېرىكى يوق، جان لازىم ئەمەس. قارا تۇپراق
ئاستىغا كۆمۈۋېتىڭ مېنى!

**ئۇلۇغبەگ ئاتا:** ناخشا:

ۋەتەن- بۇ جان ئانا مەنسۇپ ئانا مېھرىگە
سادىققا،
«ۋەتەننىڭ جان پىدانەسلى» دېگەن شۆھرەتـ
كە لايىققا.
غۇبارسىز ـ پـاك ئانا تۇپـراق قۇچاقـىدىن
يوقال ناپاك،
ئورۇن يوق سـەن كەبى ئاسـىي - ۋەتـەن
ساتقۇچ مۇناپىققا!

[ئۇتلۇق بەگزادە ئۆمىلەپ چىقىپ كېتىدۇ.
قۇتلۇق بىلەن ئايتۇران ئالغا چىقىدۇ.]


**ئۇلۇغبەگ ئاتا:** (ناخشا داۋاملىشىۋېرىدۇ.)
بۈيۈك خانتـەڭرىدە غەلىبە تۇغى جەۋلان
قىلۇر مەڭگۈ،
بۇ تۇغدىن شان- شەرەپ ياغقاي ئۇلۇغ ياد-
نامە- تارىخقا.

**ھەممەيلەن:**
بۇ تۇغدىن شان ـ شـەرەپ ياغقاي ئۇلـۇغ
يادنامە ـ تارىخقا.

(پەردە ئاستا- ئاستا يېپىلىدۇ.)

1991 ـ يىل دېكابىر، ئۈرۈمچى






* بىر كىشى ئازراق پۇلغا خىجالەت بولۇپ قېلىپ، بەھلۇلدىن ياردەم ئېلىش مەقسىتىدە ئۇنىڭ ئۆيىگە كېلىپ ئىشىكىنى چېكىپتۇ. بەھلۇل چىقىپ، ئۇنىڭ بىلەن كۆرۈشۈپ، ئۆيىگە تەكلىپ قىلىپتۇ، ئۇ كىشى قوبۇل قىلماي:

— دوستۇم، مېنى كەچۈر، ئۆيىگە قىلغان تەكلىپىڭنى هازىرچە قوبۇل قىلالمايمەن، ۋاقتىم زىق. بىر كىشىگە يۈز تەڭگە قەرزدار ئىدىم، بۈگۈن كېلىپ پۇلىنى سوراپ قىستىدى. يېنىمدا پۇل يوق ئىدى. شۇنىڭ ئۈچۈن سېنىڭ ئالدىڭغا كەلدىم. ياردەم قىلىپ تۇرۇشۇڭنى ئىلتىماس قىلىمەن،— دەپتۇ.

بەھلۇل دەرهال ئۆيىدىن يۈز تەڭگە ئېلىپ چىقىپ، دوستىنىڭ قولىغا بېرىپتۇ دە:

— دوستۇم، بىرەر نەرسىگە ئېهتىياج بولۇپ قالساڭ، مەندىن يوشۇرما، قولۇمدىن كەلگىنىچە ياردەم بېرىشكە تەييارمەن، — دەپ دوستىنىڭ كۆڭلىنى كۆتۈرۈپتۇ. دوستى خۇشال بولۇپ ئۆيىگە قايتىپتۇ.

بەھلۇل دوستى قايتىپ كەتكەندىن كېيىن ئۆيىگە يىغلىغان هالدا كىرىپتۇ. ئېرىنىڭ يىغلاۋاتقانلىقىنى كۆرگەن خوتۇنى: «ئېرىم كۆپ پۇل بېرىۋەتكەنلىكىگە پۇشايمان قىلىپ يىغلاۋاتقان بولسا كېرەك» دەپ ئويلاپ ئېرىگە:

— بىرەر سەۋەب كۆرسىتىپ پۇل بەرمەستىنلا قايتۇرۇۋەتسىڭىز بولماسمىدى؟ ئەمدى پۇشايمان قىلىپ يىغلاشنىڭ نېمە هاجىتى؟! — دېسە، ئېرى مۇنداق جاۋاب بېرىپتۇ:

— ياق، سەن ئويلىغاندەك ئەمەس، دوستۇم پۇلغا مۇهتاج بولۇپ قالغانلىقىنى بىلمەپتىمەن. ئۇ كېلىپ سورىماستىن بۇرۇنلا ئۆزۈم بېرىپ:

— دوستۇم، بىرەر نەرسىگە ئېهتىياجىڭ بولسا، تارتىنما، ئېيتىپ سورىشىم لازىم ئىدى، غەپلەتتە قالغىنىمغا ئېچىنىپ يىغلاۋاتىمەن.

* قەدىمكى يۇنان تىببىي ئالىمى بۇقراتتىن:

— هەممە نەرسىدىن يۇقىرى هېسابلىنىدىغان نەرسە نېمە؟ قايسى نەرسە هېچقاچان ۋەيران بولمايدۇ؟ — دەپ سورىسا، بۇقرات:

— هىممەت هەممە نەرسىدىن يۇقىرى تۇرىدۇ، ئادالەت بىناسى هېچقاچان ۋەيران بولمايدۇ، — دەپتۇ.

* هۇسەيىن ۋائىز كاشىفى مۇنداق دېگەن:

— مېهرۇ - ۋاپا ۋە لۇتۇف-كەرەم ئىشىكىنى دوستلىرىنىڭ يۈزىگە ئېچىپ قويغان، ئۇلارنى هاجىتىدىن چىقارغان دوست - ئەڭ سەممىمىي دوستلاردىن سانىلىدۇ. دوستىدىن بىرەر نەرسىنى ئايىغان ئادەم دوستلۇققا يارىمايدۇ.

* ئالىملاردىن ئەبىدى بىر قېتىملىق سۆهبەتتە مۇنداق دېگەن ئىكەن:

— ئاقىل، دانا كىشى ئەقىل ئىشلىتىپ، مەنىسىز، بىهۇدە ئىشلاردىن ئۆزىنى چەكلەيدۇ. ئەقىلسىز، نادان ئادەم ئۆزىنى ماختاپ، سىرىنى ئاچىدۇ. ئاقىل ئۆز ئەقلى سايىسىدا هەممىنىڭ كۆڭلىنى ئىگىلەيدۇ، نادان يامان خۇلق - ئېتىۋارى بىلەن دوستلىرىنى چەتلەشتۈرىدۇ.

* ئەبۇ ئەلى ئىبىن سىنا:

— ئىنساننىڭ دائىمىي گۈزەللىكى ۋە لەتاپىتى هايادۇر. هاياسىز يۈز — جەسەتكە ئوخشايدۇ، — دېگەن ئىكەن.

---


**نەشرگە تەييارلىغۇچى: مۇتەللىپ پالتاجى**



چاقناش

ئابلىز خوجامنىياز فوتوسى

ئالما چېچەكلىگەندە (ماي بوياق) ئابدۇشۈكۈر كېرىم سىزغان



《新疆文化》 综合性文学双月刊（维吾尔文）

«شىنجاڭ مەدەنىيىتى» (قوش ئايلىق ئونىۋېرسال ئەدەبىي ژۇرنال) 1992 - يىل 2 - سان

编辑：《新疆文化》编辑部·出版：新疆维吾尔自治区群众艺术馆·印刷：《新疆日报》印刷厂·发行：乌鲁木齐市邮局·订阅：各地邮局（所）·

«شىنجاڭ مەدەنىيىتى» ژۇرنىلى تەھرىر بۆلۈمى تۈزدى. ش ئۇ ئا ر ئاممىۋى سەنئەت سارىيى نەشر قىلدى. «شىنجاڭ گېزىتى» باسما زاۋۇتىدا بېسىلدى. ئۈرۈمچى شەھەرلىك پوچتا ئىدارىسى تارقاتتى. ھەر قايسى جايلاردىكى پوچتىخانىلار مۇشتەرى قوبۇل قىلىدۇ.

国内统一刊号：CN 65-1073/1

本刊代号：58-22　定价：伍角

CN 65 - 1073/1 [illegible]
[illegible]